

ئابلىمىت ئىمىن

# قانلىق جىلغا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابلىمىت ئىمىن

# قانلىق جىلغا

(پوۋېست - ھېكايىلار)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

血染的山谷:维吾尔文/阿布力米提·伊明著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,1999.8
ISBN7—5373—0731—8

Ⅰ.血... Ⅱ.阿... Ⅲ.①中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)②短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.Ⅰ247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第39385号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮政编码:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168**毫米** 32**开本** 6**印张** 1**插页**
1999**年**8**月第**1**版** 1999**年**8**月第**1**次印刷**
**印数**:1——4080 **定价**:8.50**元**

# نەشرىياتتىن

ئابلىمت ئىمىن 1954 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قارا كېچېك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان؛ 1964 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان؛ 1971 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە ئويتاغ سېمونت زاۋۇتى، ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن؛ ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.

ئابلىمت ئىمىن 1980 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «كىتاب» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەندىن بۇيان ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قارلىق تاغدا» ناملىق پوۋېستى 1991 ـ يىلى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

نەشرىياتىمىز 1987 ـ يىلى ئۇنىڭ «جەڭچى ئۇچۇن» (يەنە بىر ئاپتور بىلەن بىللە) ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلغان ئىدى. بۇ قېتىم «قارلىق تاغدا»، «ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرىدىن تەركىب تاپقان مەزكۇر كىتابنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندى.

ئابلىمت ئىمىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

## پوۋېستلار

ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ......... 3
قارلىق تاغدا ......... 51

## ھېكايىلار

چىقىلغان ھەيكەل ......... 125
ئاخىرقى بىر تال ئوق ......... 131
كۆكۆل ......... 144
بورانلىق كېچە ......... 170

# پوۋيست

# ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم

ئۇ قېچىپ كېتىۋاتىدۇ. بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىككى پۇتىغا يىغىپ قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئۇ نېمىدىن شۇنچىۋالا قورقۇپ قېچىۋاتقاندۇ؟ بىرەر تۇرمە تېمىدىن ئاتلاپ قېچىپ، ساقچىلارنىڭ قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ قېچىۋاتامدىغاندۇ ياكى قانۇنغا مۇخالىپ بىرەر قىلمىش سادىر قىلىپ قويغانمىدۇ؟ ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىرەر ئادەم ياكى ئۇنىڭغا ۋەھىمە سېلىۋاتقان بىرەر ۋەھشىي هايۋانمۇ يوق. ئۇنداقتا ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ساراڭ ئەمەس. تۆت تەرىپىگە كۆز يەتكۈسىز، گىياھسىز، سۇسىز قۇملۇق گويا ئۆرۈك ئوتۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان تونۇرغا ئوخشايتتى. تىكلەشكەن كۈن نۇرى ئۇنىڭ بەدىنىنى قىزدۇرسا، قوقاستەك قۇم تاپانلىرىنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلاتتى.

تاپىنىدىن كوكۇلىسىغىچە ھېچ نەرسە كىيمىگەن، ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئەلەڭ ـ سەلەڭ كېتىۋاتقان ھاجىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن قان ـ يىرىڭلىق زەرداپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ ئاتەش دېڭىزىغا يىقىلاتتى، يۇملاپ كېتەتتى، يەنە ئۆملەپ قوپۇپ چەكسىز قۇم دۆۋىلىرى تامان

يۈگۈرۈۋېتتى. ئۇ ھەر قېتىم يىقىلىپ - يۇمىلانغاندا بەدىنىگە
چاپلىشىۋالغان قۇملار قان - يىرىڭلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ
سىياقىنى خۇددى لايدا ياسالغان كۆرۈمسىز مەخلۇققا ئوخشىتىپ
قويغان ئىدى.

ھاجى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ پات - پات ئارقىسىغا
قارايتتى. ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىرەر ئادەم تۇگۇل ئىنس -
جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندە بولسا بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنى
يېتىپ ئۇخلىۋېلىشنى ئويلايتتىيۇ، يەنە كۆڭلى ئارام تاپماي، ئۆز
كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي، ئەندىكىش، ھودۇقۇش ئىچىدە يۈگۈ-
رۈپ قۇملۇققا ئىچكىرىلەيتتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ ھەربىر
مىنۇت، سېكۇنت ۋە دەقىقىلەردە ئاللادىن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى،
ئەزرائىلنى چاقىراتتى.

ھاجى تونۇردەك قىزىق بۇ قۇملۇق ئىچىگە بىر بۈيۈك
مۇددىئا — ئۆلۈش نىيىتىدە كىرگەن. قۇياش، ئاي، تاغ - دەر-
يا، دەل - دەرەخ، نۇر، زېمىن، گۈل - گىياھ، ئالتۇن -
كۈمۈش، قان - قېرىنداش، ھەر بېقىشىدا كۆزىنىڭ يېغىنى يەي-
دىغان نازىنىنلارنى؛ بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق،
چىنلىق ۋە ساختىلىق، گۈزەللىك ۋە سەتلىكنىڭ ھەقىقىي شا-
ھىتى كائىناتنى، ئەڭ مۇھىمى ئادەملەرنى مەڭگۈ كۆرمەي ئۆزى
دەسسەپ تۇرغان تۇپراق ئاستىغا مەڭگۈلۈك كىرىپ، تۇپراققا ئا-
رىلىشىپ كېتىش ئۈچۈن قېچىپ كىرگەن ئىدى. ھاجى نېمە
ئۈچۈن تۇساتتىنلا ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ، ئۆلۈمگە شۇنچە خۇشتار
بولۇپ قالدۇ؟ ھايات ئۇنىڭغا تەتۈر قاراۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭ
ھايات بىلەن خوشى يوقمۇ؟ ياق! ھاجى ھاياتقا تولىمۇ ئامراق،
تۇرمۇشقا خۇشتار، ھاياتمۇ ئۇنىڭغا ئوبدانلا ئوچۇق چىراي
ئاچقان. ھاجى دۇنيانى، ھاياتنى سۆيەتتى، رەزىللىكلەردىن
نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭدىمۇ باشقا نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش

ھاياتقا ، تەبىئەت دۇنياسى وە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارغا مۇھەببەت بار ئىدى ، *بولۇپمۇ ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا ، باياشات تۇرمۇشقا* مۇھەببىتى تولىمۇ چوڭقۇر ئىدى .

دىمىسمۇ ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ھاجى ئۈچۈن ئاجايىپ قۇلايلىق شارائىت ئېلىپ كەلدى . مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئامىتى قوشلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ھېچقانچە ۋاقىت ۋە دەسمايە سەرپ قىلمايلا ئادەتتىكى بىر ھۆپىگەردىن مۇشۇ شەھەردىكى نامدار مىليونېرغا ئايلاندى . بولۇپمۇ ئۇ شاڭخەي ، گۇاڭجۇلارنى بىر قېتىمدىن ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىنلا تېخىمۇ قىزىل كۆزلىشىپ كەتتى . ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا يانچۇقى پۇلغا ، كۆزى ياغقا تولدى . خام كېسەكتە سېلىنغان ئاددىي ئۈچ ئېغىز ئۆيى ئورنىدا ، تۆت قەۋەتلىك 24 ئېغىزلىق پىششىق خىشلىق كۆركەم ئىمارەت قەد كۆتۈردى . بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ يەنە شەھەر مەركىزىدىكى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا سودا ـ ساراي ، مېھمان كۈتۈش ، ئاشخانا پەيدا قىلدى . ئۇنىڭ قول ئاستىدا 50 ــ 60 ئادەم ئىشلەيتتى . ئۇنىڭ قولىدا ھېسابسىز پۇل بار ئىدى . ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىغا ھەۋەس ۋە ھەسەت نەزىرى بىلەن قارىمىغانلار ئاز ئىدى . ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پىكاپ تەييار ئىدى . بۇ شەھەردىكى شەھەر باشلىقلىرى ، شەھەرلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ، بانكىرلار ، ھەتتا جامەنىڭ ئىمامىمۇ ئۇنىڭغا خېلى يىراقتا تۇرۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلاتتى . ئۇنىڭ قەدىناس خوتۇنى ، يالغۇز ئوغۇل ، ئوماق قىزىمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەرۋاقىت تەييار ئىدى . قىسقىسى ، ھاجىنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ باياشات ئۆتمەكتە ئىدى .

ھايات ، كىشىلىك تۇرمۇش ، دەۋر ئۇنى بەخت مۇنارىنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقتى ، ئۇنى شۇ ھېرىسمەنلىك بىلەن ئەركىلەتتى ، ئۇمۇ ھاياتقا ، تۇرمۇشقا ، بۇ دۇنياغا ئاشىق

ئىدى. «ئۆلۈم» ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگە كىرىپ قالمايتتى. ئۇ ھەمىشە «مېنىڭ ھەرگىز ئۆلگۈم يوق، مەن يەنە پۇل تاپىمەن، داۋاملىق چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىمەن، يەنە تېخى ...» دەپ تۇراتتى. مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ئۇچۇن دورا ئىز-دەيتتى. شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ...

ئاھ، رەھىمسىز دۇنيا، مۇرەككەپ تۇرمۇش، ئادەملەر ھاياتلىق ئارىلىدا نېمىلەرگە يولۇقمايدۇ ـ ھە! نېمىلەرگە دۇچار بولمايدۇ ـ ھە! ھاياتتا كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقماي ھەمىشە ئۆلارغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تۇزاق قۇرىدىغان ھەرىكەتلەر نېمە دېگەن تولا. «ھايات ــ كۈرەش»، ئادەملەر مۇشۇ كۈرەش قاينىمىدا ھەمىشە ئۆز تەقدىرى بىلەن ئېلىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

بىر كۈنى ھاجىنىڭ بەدىنى توساتتىنلا قاتتىق قىزىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئەتىسى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى تىنىمسىز قىچىشتى. بۇ قىچىشىش بارا ـ بارا ئەدەپ كەتتى. ئۇ قىچىشىشنىڭ مەستلىكىدە غارتىلدىتىپ تازا قاشلىدى، تاتىلىدى. نەتىجىدە قاشلانغان، تاتىلانغان يەرلىرىدە ھۆررەك ـ ھۆررەك قاپارتمىلار پەيدا بولدى. بۇ قاپارتمىلارنىڭ ئىچىشىشىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇ شەھەرلىك دوختۇرخانى-دىكى داڭدار دوختۇر ئىبراھىمغا ئادەم ئەۋەتتى. «پۇل ھەممىگە قادىر» دەپ بىلىدىغان بۇ مىليونېرنىڭ ئالدىدا بىرەر دوختۇر دېگەن نېمە. شۇڭا دوختۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشى كېرەك. چۈنكى، پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ ـ دە.

ــ سالام مىليونېر ئەپەندى، دوستىڭىز ئىبراھىم دوخ-تۇرنىڭ سەبدىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا سىزنى يوقلاپ كەلدىم، ــ دەپ ھاجىنىڭ ئۆيىدە ھازىر بولدى ئىبرا-ھىمنىڭ ياردەمچىسى سۇلتان دوختۇر پاپىاسلاپ، ــ ئالتۇن بويلىرى، مۇبارەك تەنلىرىنىڭ قەيىرى ئاغرىپ ئۆزلىرىنىڭ شاد-

لىقىغا رەنج ـ مۇشەققەت ئېلىپ كەلدىكىن ؟ ئىبراھىم دوختۇر بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بىر يەرگە كېتىپ قالغان، ئەپۇ قىلارلا .

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دېدى ھاجى سۇلتانغا مەگىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، — ماڭا ئىبراھىم دوختۇر كېرەك . ھازىرچە خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇردىمەن . سىز قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ . مەرھەمەت، شۇنداق بولسۇن .

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى . ھاجىنىڭ بەدەنلىرى ھۆررەك بىلەن قاپلاندى . ئۇنىڭ قېشى بىر كېچىدىلا چۇشۇپ كېتىپ قاش ئورنىدا يىلانىنىڭ قاسىرىقىدەك سۇس كۆل رەڭ قاسراق پەيدا بولدى . گەدىنىدىكى چاچلىرى چۈشۈپ تاقىرباش بولۇپ قالدى . بايىقى قاپارتمىلار تېشىلىپ دەسلىپىدە سېرىق سۇ، كېيىنچە زەرداپ ئاقتى . ھاجىنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى . ئۇ ئەينەككە بىر قاراپلا ئۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى .

— ئاھ، خۇدا ! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ھاجى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قويۇق قاپقارا قاشلىرى ياغلىغان توقاچتەك پارقىراپ، سىپسىلىق چىرايلىق يۈزلىرى، ئەرلىك ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان يارىشىملىق بۇرۇتلىرىدىن ئەسەر يوق ئىدى . پەقەت سەككىز تال ئالتۇن چىشلا ئەسلىنى ساقلىيالىغان ئىدى . ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايتتى، بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ ياش تۆكەتتى، لەۋلىرىنى چىشلەپ ھەسرەتلىنەتتى، ئەمما ئامال قانچە . شۇ تاپتا ئۇ، بۇ ھالىتى بىلەن تالا ـ تۈزگە چىقىپ باشقىلارغا يولۇقۇپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى . ھازىر ئۇ گويا قەپەسكە بەنت قىلىنغان بىچارە كەكلىككە ئوخشاش ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇراتتى . « ئاھ، خۇدا بۇ نېمە تارتقۇلۇق، ماڭا قانداق كېسەللىك بەردىڭ، مېنى نە ۋەجىدىن بۇ كويغا سالىسەن، ماڭا بايلىق، پۇل بەردىڭ، ئىززەت ـ ئابرۇي

ئاتا قىلدىڭ. يەنە تۇرۇپ بۇ كويغا سالغىنىڭ نېمىسى؟ مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ سۇلتان دوختۇرنى يادىغا ئالدى. «ھەي ئىسىت! ئاشۇ قوڭالتاق بولسىمۇ كېسىلىمنى كۆرۈپ باقسا بوپتىكەن، بۇ ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەستى، ھەي، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ دوختۇر ئىدىغۇ؟ ھېچبولمىسا ھازىرقى تارتىۋاتقان ئازابلىرىمنى بولسىمۇ يەڭگىللىتەر ئىدى. مەن قانداق بولۇپ دوختۇر سۇلتاننى قايتۇرۇۋەتتىم؟ ھېچبولمىسا بىرەر ئوكۇل ئۇرۇپ قويسا ياكى بىرەر تال دورا بولسىمۇ بەرسە مۇنچىۋالا ئازابلىنىپ كەتمەس ئىدىم. زادى بولمىغاندا ئۇيقۇ دورىسىدىن بىر تال بەرسىمۇ ياكى تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلىدىن بىرنى ئۇرۇپ قويغان بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇخلاپ قالماسمىدىم. ئاھ، ھەسرەت - نادامەت ...»

بۈگۈن ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى، ھاجى بار ئۆيگە بېشىنى تىقىپ باقمىدى. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ھاجى بۇ يۈرەك پارىلىرىنى ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول بولىدۇ، مېنى مۈشكۈلاتتىن، ئۆزۈمنىڭ قۇربىتى يەتمىگەن مۈشكۈلاتتىن خالاس قىلىدۇ، جېنىم ھەلقۇمغا يەتكەندە بىر يۇتۇم سۇنى ئاغزىمغا تېمىتىدۇ، جىنازامنىڭ ئالدىدا تۇۋلاپ مېڭىپ يەرلىكىمدە قويىدۇ، تۇپراق بېشىمغا بېرىپ يوقلاپ تۇرىدۇ، دەپ باققان ئىدىغۇ؟ ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلارنىڭ دادىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغىنى نېمىسى، ھاجى مىليونېرلىقى بىلەن ئايالىنى بۇ شەھەردىكى ئابرۇيلۇق خېنىمغا، قىز - ئوغۇللىرىنى پۇلدار ئائىلىنىڭ ئەركە - نايناق پەرزەنتىگە ئايلاندۇرغان، ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلغان. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پەدەرىنى، ئاشۇ بەخت - ئامەت ئاتا قىلغان كىشىسىنى ئۇنتۇدى، پەدەرىدىن ئۆزىنى تارتتى.

ھاجىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، تېرىسى، ئەپت - بەشىرىسى ئۆزگەرگىنى بىلەن قەلبى، ھېسسىياتى تېخى ئۆزگەرمىگەن ئىدىغۇ؟ ئۇ يەنىلا باللىرىغا ئاتا، خوتۇنىغا ئەر ئىدىغۇ؟

ئىبراھىم دوختۇر ئاخىر پەيدا بولدى. ھاجى بۇ دوختۇر بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. ھاجى ئەسلىدە پاراسەتلىك، توغرىسىنى دېسەك، چۇتۇچى ئادەم ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا يىراقنى، پايدا - زىياننى كۆزلەيتتى. شۇڭلاشقا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مال - دۇنياغا ئېرىشىش مۇددىئاسىغا يېتىش، خوتۇن ۋە باللىرىنىڭ ساغلام كۈن ئېلىشى ئۈچۈن كۆزلۈك دوختۇردىن بىرنى يېقىن دوست تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئىبراھىم دوختۇرنى بۇ ئائىلىنىڭ خاس دوختۇرى — قىيامەتلىك دوستى قىلىپ تاللىغان ئىدى.

ئادەتتە ئىبراھىم دوختۇر ھاجىنى ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھەپتىسىگە بىر قېتىم مېھمان بولاتتى. شۇڭا ھاجى ئىبراھىمنى خۇسۇسىي دوختۇرى ھېسابلايتتى. بۇ نۆۋەت ئىبراھىم دوختۇر ئالاھىدە زور غەيرەتكە كەلدى - دە، ئاغزىغا ماسكا تاقاپ، قولىغا نېپىز يالتىراق پەلەي كىيىپ ھاجىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يېقىملىق ئاۋازدا سورىدى:

— دوستۇم، رەڭگىرويىڭىز بۆلەكچىغۇ؟ نە ۋەجىدىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ ئۆزىڭىزنى بۇنچە تاشلىۋەتمەڭ، سوئاللىرىمغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرىڭ. بۇ، كېسەللىكىڭىزگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشتا تولىمۇ مۇھىم.

— ماقۇل، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ھاجى ياش تۆكۈپ.

— قېنى دوستۇم بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ، كېسەللىك زادى قانداق

باشلاندى ؟ — يەنە سورىدى ئىبراھىم دوختۇر تۆۋەن ئاۋازدا .

ئىبراھىم 20 نەچچە يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىدا مۇنداق كېسەللىككە تۇنجى يولۇقۇۋاتاتتى . ئۇ ئىچىدە « بۇ قانداق كېسەللىكتۇ ، ئەجەب مېنىڭ 20 نەچچە يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىمدا بۇنداق كېسەللىك ئالدىمغا كېلىپ باقماپتىكەن . ئۇنتۇپ قالدىممۇيا ؟ ياق ، ياق ! مەن بۇنداق كېسەللىكنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان » دەپ ئويلىدى .

— مەن تېرە راكى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپتىمەنمۇ؟ — سورىدى ھاجى ئىبراھىمنىڭ ئۇنىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەسرەتلىك تىنىپ ، — ياكى باشقا بىر خىل يامان كېسەللىكمىكەن ؟ تېزراق دەڭە ، تېزراق ، دوستۇم ، كېسىلىم خەتەرلىكمۇ ؟ ھازىر چەت ئەللەردە دوختۇرلار يۈرەك ، مېڭە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىۋاتىدۇ . بۇ ئوپېراتسىيىلەرگە قارىغاندا ، تېرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى دېگەن قانچىلىك . ناھايىتى كەلسە مېنىڭ تېرەم بۇزۇلىدۇ شۇ . جۇڭگودا ئامال بولمىسا ، مېنى چەت ئەلگە ئېلىپ بېرىڭ . سىزگە مەلۇم ، مەندە بايلىق يەتكۇچە . چەت ئەل دوختۇرلىرى مېنىڭ بۇزۇلغان تېرەمنى سويۇپ ئېلىۋېتىپ بەدىنىمگە باشقىدىن تېرە كۆچۈرسۇن ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بىرەر قاتىل ياكى باشقا بىرەر جىنايەتچىنىڭ تېرىسىنى سېتىۋالايلى — ! ئۇ يەرلەردە بۇ تامامەن مۇمكىن . پۇل ھەممىگە قادىرغۇ ؟ دوستۇم سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىڭ . مانا ئەمدى باي - باياشات تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىۋاتقان ، پەيزىنى سۈرۈۋاتقان چېغىمدا قانداق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالدىم - ھە ، «بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكۇدىن يار كەتتى » دېگەن شۇ - دە . توغان سېلىپ بۇ يارنى ئېتەيلى ، پۇل مەندىن ، تەدبىر سىزدىن بولسۇن ، بۇ ئىش تۈپەيلى مېنىڭ مال - دۇنيايىم بۇ گۇندىن

باشلاپ سىزگە تەئەللۇق بولسۇن . مەن هايات قالساملا ... جېنىم تېنىمدا ئامان بولسىلا سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن . ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن . مەن سىزگە قەسەم بېرەي . هازىر ماڭا كېرىكى هايات ...

— دوستۇم نېمانچە قىلىسىز ! ، — دېدى ئىبراهىم دوختۇر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ، — مەن سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە تېخى دىئاگنوز قويمىدىمغۇ ، راستىنى دېسەم سىزنىڭ بۇ كېسەلىڭىزگە ئات قويۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن ، ئەمما مەن بۇرۇن كۆرگەن بىر كىتابتا ئالامەتلىرى سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر كېسەللىكنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندەك قىلغان ، لېكىن ئۇ كېسەللىكنىڭ نامى هازىر خاتىرەمدە يوق . ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، ئالدىراپ كەتمەڭ .

— ئالدىرىماڭ ؟ — هاجى ياتقان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ، — يەنە ئالدىرىماڭ دەمسىز ؟ سىزنى نەچچە كۈن كۈتتىم ، سىزنىڭ كېلىشىڭىزگە قانچە تەقەززا بولدۇم بىلەمسىز ؟ تاس قالدى سەۋرى قاچام چېقىلىپ كەتكىلى ، يەنە تېخى ئالدىرىماڭ دەيسىز ، « تاز تارانغۇچە توي تارقاپتۇ » دېگەندەك بولۇپ ، سىز دىئاگنوز قويۇپ بولغۇچە كېسەللىك چېكىگە يېتىپ ، خۇدانىڭ دەرگاهىغا كېتىپ قالماي يەنە ؟ ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇساق بولماس ؟ بولۇڭ ، تېز بولۇڭ ، « ياسىن » نى هازىر ئوقۇڭ . سىلەر دوختۇرلار كېسەللەرنىڭ دەردىگە تازا يەتمەيسىلەر ، باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار يوق ، سىلەر زادىلا شۇنداق بىپەرۋا ، تاش يۈرەك كىشىلەر ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئادەملەرنىڭ كارايىتى چاغلىق ، ئۇلار بىر پارچە لوخ گۆش ، سىلەر ئۇ گۆشنىڭ خالىغان يېرىنى كېسىپ خۇددى تۇل خوتۇن يوتقان تىككەن پەدىدە تىكەلەيسىلەر ، باشقىلارنىڭ جېنىغا ئىچ ئاغرىتمايسىلەر ، شۇڭا سىز ماڭىمۇ يەنە

دىئاگنوز ـ پىئاگنوز دەۋاتىسىز . سىز 20 نەچچە يىللىق كاتتا دوختۇر تۇرۇپ چورت كېسىپ گەپ قىلماي ئىنجىقلاپ تۇرىسىز . بولۇك كېيىن پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالايلى . مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ـ هە ، بولدىلا هەرنېمە دېگەن بولسام جان ئاچچىقىمدا دېگەندىمەن . بولدى ، دوستۇم مېنى ئەپۇ قىلىڭ ، ئەمما تېز بولۇڭ ، دەردىمگە داۋا ، رەنجىمگە شىپا بولۇڭ ...

— بولدى چېچىلماڭ ، مەن قەلبىڭىزنى چۈشىنىمەن ، — دېدى دوختۇر ، — لېكىنزە مېنىڭمۇ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ ، بۇ كېسەللىك هازىرچە سىزنىڭ هاياتىڭىزغا تەهدىت سالالمايدۇ . كېسىپ ئېيتىمەنكى ، سىز قورقۇنچلۇق راك كېسەللىكى ياكى تېرە راك كېسەللىكى ئەمەس .

— ئەمىسە ، مەن نېمە كېسەل ؟ نېمە ئۈچۈن دەملاتى دورا بەرمەيسىز ؟

— ئالدىرىماڭ دېدىمغۇ ، ئالدىرىماڭ ، — دېدى دوختۇر يەنە تەسەللى بېرىپ ، — سەۋر قىلىڭ ، بىز قان تەكشۈرەيلى ، بەدىنىڭىزدىكى قاپارتمىلاردىن ئەۋرىشكە ئېلىپ خىمىيىلىك ئۇسۇلدا تەكشۈرۈش قىلايلى . مىكروبلار ئېنىقلانسۇن ، ئاندىن دىئاگنوز قويىمىز . يۈرۈڭ ، ئاۋۋال دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراي .

— ياق ، ياق ! — رەت قىلدى هاجى ، — مەن مۇشۇ تەلەتىم بىلەن ئۇ يەرگە قانداق بارىمەن . مەن هاجى ، مىليونېر هاجى ، مۇشۇ بەشىرەم بىلەن تالا ـ تۈزگە چىقىپ باشقىلارغا كۆرۈنگىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك . سىز ئاشۇ تەكشۈرۈش قورال ـ سايمانلىرىڭىزنى ياردەمچىلىرىڭىز بىلەن قوشۇپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭ ، هەرقانداق زىيانغا مەن ئىگە .

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ، بۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن كېتىدۇ .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— خالىسىڭىز مەن قېنىڭىزنى ئېلىپ كېتىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يەتكۈزەي .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، ئەمما تېز بولۇڭ . جېنىم بەكلا قاقشاپ كەتتى ، — دېدى ھاجى ئىلاجسىز ، — قانچىلىك قان ۋە ئەۋرىشكە ئالسىڭىز مەيلى ، خالىغان يەردىن ئېلىڭ ، ئەمما تېز شىپا تاپتۇرۇڭ .

ئىبراھىم دوختۇر ھاجىنىڭ خاس ھۆجرىسىدىن پايپېتەك بولۇپ چىقىۋاتقاندا ، ھاجىنىڭ ئايالى ئىشىكنى كەگەنلەپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ـ دە ، سورىدى :

— ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ ؟

— كۆردۈم ، تەپسىلىي كۆردۈم .

— نېمە كېسەللىك ، يۇقۇملۇق ئەمەستۇ ؟

— ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش قىيىن خېنىم ، ئۇنىڭ ئۆپكە ، يۈرەكلىرى ساق ، قان ئايلىنىشى نورمال ، گەپ تېرىدە .

— تېرە راكى ئەمەستۇ ؟

— بۇنىڭغىمۇ ھازىرچە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن ، — دېدى دوختۇر باش چايقاپ ، ھەرھالدا خېلىلا مۇرەككەپ كېسەللىك ئوخشايدۇ ، بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ . چارىسىز ئىش يوق ، بولۇپمۇ بۇ گۇنكى كۈندە .

— كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتىمەن ، دوختۇر ، — دېدى ھاجىنىڭ ئايالى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، — خەۋەرلىرىدە ، مەن ئاز ـ تولا كىتاب كۆرۈپ تۇرىمەن . ھازىر دۇنيادا راك ، ئەيدىز دېگەنلەرگە ئوخشاش يامان سۈپەتلىك كېسەللىكلەر مەۋجۇت . ئەيدىز كېسەللىكى چىقىپ قالمىسا مەيلىدىغۇ ؟ مەن بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن گېزىتتىن دۇنيانىڭ بىر يېرىدە تارقالغان قورقۇنچلۇق بىر كېسەللىك توغرىسىدا بىر خەۋەر كۆرگەن . كېسەللىكنىڭ ئىسمى ئېسىمدە

قالماپتۇ . بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدىكەن . بىرنەچچە سا- ئەت بەرداشلىق بەرمەيلا ئۆلىدىكەن . قىزىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىدى . ھاجىمنىڭ كېسەللىكى- دىن گۇمان قىلىپ بالىلارنى يېقىن يولاتمىدىم . ئۆزۈممۇ بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدا تىنىپ يۈرۈۋاتىمەن . سىلى بىلىلا ، ھاجىم سۇيۇقراق ئادەم ئەمەسما ، ئاشۇ ئەيدىز كېسەللىكى ...

— ھازىر بىرنېمە دېيىش قىيىن ، تەخىر قىلىپ تۇرۇشىلا ، — دەپ ھەمرا خېنىمنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى دوخ- تۇر ، — مەن ئەڭ ياخشىسى شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىغا بېرىپ ، يەرلىك كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاپ كېلەي .

* *    * *

— يېگىلىشىپ قالمايۋاتقانسىلەر - ھە ؟ — سورىدى ئىبراھىم دوختۇر شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىنىڭ باشلىقى ئاۋۇتنىڭ دىئاگنوزىنى كۆرۈپ چۆ- چۈپ .

— شۇنداقمۇ تەۋەككۈلچىلىك بولامدۇ ، — دېدى ئاۋۇت كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىۋەر- مەيدۇ ، ساقىيىدىغانلارمۇ بولىدۇ ، ئەمما ناھايىتى ئۇزاق جەريان كېتىدۇ . بۇ كېسەللىك ئاساسەن ئىرسىيەتتىن ، ئايرىم ھاللاردا ھاۋا ، سۇ ، ھاشاراتلاردىن كېلىدۇ . بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان كېسەللەرگە يولۇققانلارمۇ ئوڭايلا يۇقتۇرۇۋالىدۇ . قىس- قىسى ، بۇ بىر خىل قورقۇنچلۇق كېسەللىك . ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇنداق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار كۆيدۈرۈلەتتى . ئەمما ئازادلىقتىن كېيىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە داۋالاش ئېلىپ

بېرىلىپ، كۆپ قىسمى ساقايتىلىۋاتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ بىۋاستە كىشىلىرى — ئاتا ـ ئانا، قان ـ قېرىنداشلىرى بارمۇ؟

— بولمامدىغان، دادىسى، ئايالى ۋە بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار، ئۇلار بىرگە ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئىبراھىم دوختۇر.

— ئۇنداقتا ئۇلارمۇ ...، — دەپ توختاپ قالدى ئاۋۇت.

— سىز يىگىنىنى خا كۆرسىتىپ، بۇ كېسەللىك ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ دەۋاتاتتىڭىز. دادىسىنىڭ قېنىدىنىمۇ چاتاق چىقمىدىغۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئىبراھىم، — مانا خوتۇن ۋە باللىرىنىڭ قېنىدىمۇ غەيرىي كېسەللىك مىكروبى يوق ئىكەن.

— سىزگە خېلى ئوبدان چۈشەندۇردىمغۇ، — دېدى ئاۋۇت سەل تېرىككەندەك قىلىپ، — بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇش ئامىللىرى كۆپ، دادىسىدا بۇ خىل كېسەللىك بولمىغىنى بىلەن بوۋىسى مۇشۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانمۇ تېخى، چوقۇم شۇنداق. مىكروب تەرەققىي قىلىپ ھاجىغا كەلگەندە يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن. بۇ كېسەللىكنىڭ مىكروبى ئادەم بەدىنىدە 30، 40 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرۇنالايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ، يا ھاجى مۇشۇ دادىسىنىڭ ئاسراندى بالىسى ياكى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن قىزى ئاسراندى. ئۇنداقمۇ بولمىسا ھاجى بۇ كېسەللىكنى باشقا بىراۋدىن يۇقتۇرۇۋالغان گەپ.

— مەن سىلەرگە قايىل، — دېدى ئىبراھىم بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەنە بىر تەكشۈرۈپ باقايلى، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، ھاجىم تولىمۇ مۇھىم ئادەم. ئۇ. بۇ شەھەردىكى نامدار مىليونېر بولۇش بىلەن بىرگە مېنىڭ، مېنىڭ يېقىن دوستۇم.

— بولىدۇ، — دېدى لابورانت، — كۆڭۈللىرى قالمىسۇن، يەنە بىر تەكشۈرەيلى. چۈنكى ئاللامەتلىرى ئوخشى-

شىپ كېتىدىغانلاردىن گۈللۈك تەمرەتكە، يۇقۇملۇق يۇمشاق سۆگەل، دورا تاشمىسى، نېرۋا خاراكتېرلىك تېرە ۋاسپالىنىيەسى، كۆپ شەكىللىك تېرە قىزىل داغ كېسەللىكى قاتارلىقلارنىڭ دەسلەپكى ھالەتلىرى لېپرا كېسەللىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

— كېسەلنىڭ ئەزاسىدىكى قاپارتما، قاسراقلار ۋە ئەۋرىشكە توقۇلمىلىرىنى خىمىيىلىك ۋە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئالدىنقى تەكشۈرۈش بىلەن ئوخشاش چىقتى، — دېدى لابورانت بىرەر سائەت ھەپىلىشىپ كۆرۈپ ئاخىر، — بۇ كىشى «تېرە نېرىپ ئاقمىسى» تىپىدىكى لېپرا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. بۇنداق كېسەللىكنىڭ توقۇلما رېئاكسىيىچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، تېرە توقۇلمىلىرىدا كەڭ دائىرىلىك نېكروزلىنىش، ئېرىپ كېتىش يۈز بېرىپ، تۈگۈن ۋە قاپارتما پەيدا بولىدۇ. بۇلار بارا - بارا چوڭىيىپ بارىدۇ. قاپارتما دەسلەپ قاسراقلىشىدۇ، كېيىن ئىششىپ تېشىلىدۇ، ئاقمىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق تىپتىكى لېپرا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

— بۇنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى بارمۇ؟ — دېدى ئىبراھىم دوختۇر ئىختىيارسىز.

— ناۋادا بولسا سىزمۇ بىلەرسىز، — دېدى لابورانت ئەجەبلىنىپ.

— ياق! مەن يەرلىك كېسەللىكلەردىن خەۋەرسىز. مۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — دېدى ئىبراھىم ھەيران بولۇپ.

— لېپرا كېسەللىكى ھازىر دۇنيا جامائەتچىلىكى كۆڭۈل بۆلىۋاتقان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئاۋۇت، — ھازىر دۇنيادا بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار 11 — 12 مىليون ئەتراپىدا. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، ئافرىقا، ئامېرىكا

قىتئەلىرىدىمۇ بار . ئاسىيادىكىسىنى ئالساق ئەرەب دۆلەتلىرى ، پاكىستان ، ھىندىستان ، بىرما ۋە مەملىكىتىمىزگە تارقالغان . ھازىر بۇ كېسەللىكنىڭ بىر نەچچە خىل مىكروبلىرى ئېنىقلاندى . بۇلارغا قارىتا يېڭى دورىلار كەشپ قىلىندى ، ئەمما ئۈنۈمى دېگۈدەك ئەمەس ، تەسىرى ئاستا . شۇنداق بولسىمۇ جۇڭگودا بۇ كېسەللىكنى ساقايتقىلى بولىدۇ . جۇڭگودا مۇنداق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ھېچقانداق كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىمايدۇ ، دوستىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ .

— ئەگەر بۇ يەردە ساقايتىشقا كۆزىمىز يەتمىسە چەت ئەلگە يۆتكەيلى ، — دېدى ئىبراھىم مەغرۇر ھالدا ، — ھاجىمنىڭ پۇل ۋە ئابرۇيى يېتەرلىك ، قولىنى نەگە ئۇزاتسا ، شۇ يەرگە يېتىدۇ !

— بۇنداق كېسەللىكنى دۆلەت چېگرىسىدىن ئېلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ، — دېدى ئاۋۇت ، — چەت ئەللەردە بۇنداق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنى كىم ئادەم قاتارىدا كۆرىدۇ ، كىم داۋالايدۇ دەيسىز . بۇ كېسەللىك پەقەت بىزنىڭ ئەلدىلا شىپا تېپىشى مۇمكىن . تېخى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار بەزى دۆلەتلەردە ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ ، بەزى دۆلەتلەردە تىرىك پېتى ھاك سۈيى قاچىلانغان چوڭقۇر قۇدۇقلارغا تاشلىنىدۇ . بەزى دۆلەتلەر ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆل - جەزىرىگە پالايدۇ . مۇنداق كېسەللەر ئاشۇ پالانغان يېرىدىن مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدۇ .

— خوش ، داۋالاشنى قاچان باشلايسىز ؟ — سورىدى ئىبراھىم دوختۇر يەنە دېيىلىش ئېھتىمالى بولغان قورقۇنچلۇق گەپلەردىن قېچىپ .

— بۇ شەھەردە مۇمكىن ئەمەس . ئۇنى لېپرا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش لاگىرىغا يۆتكەيمىز ، — دېدى ئاۋۇت چورت كېسىپ ، — لاگىردا مەخسۇس لېپرا كېسەللىكلىرى

مۇتەخەسسىسلىرى بار ، قالغان ئىشنى ئاشۇلار قىلىدۇ ، بىز پەقەت يۆتكەپ بېرىمىز خالاس .

— ئەھۋالىنى كېسەلگە ئۇقتۇرامدۇق ؟ — سورىدى ئىبرا- ھىم قەستەن .

— ئۇقتۇرىمىز ، ئۇقتۇرمامدىغان ، سىزگە ئايان « لىپرا » سۆزى دۇنياۋى تېببىي ئاتالغۇ . بۇ كېسەللىك بىزدە « ماخاۋ كې- سەللىكى » دېيىلىدۇ . ناۋادا كېسەل ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغىنىنى بىۋاسىتە ئاڭلىسا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن . ھازىرچە « لىپرا » دەپ تۇرساق .

* *　　　* *

— كېسەللىك ئەھۋالىڭىز ئايدىڭلاشتى ، — دېدى ئىبراھىم دوختۇر چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، دىئاگنوز قەغىزىنى ھاجىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — ئەمما سىزنى ئوبدان داۋالاپ تېزراق ساقايتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا يۆتكەش زۆرۈر . ئۆيىڭىزدە داۋالاش ھەرقانداق بىر دوختۇر ئۈچۈن ئەپسىز ، بۇ ئىشتا مېنى ئەيىب ئەتمەيسىز .

— مەن قانداق كېسەللىككە دۇچار بولۇپتىمەن ؟ .

— ئەنسىرىمەڭ ، ئادەتتىكى بىر كېسەللىك ؟!

— راك ئەمەستۇ ؟

— ياق ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز .

— ئەمىسە ، ئەمىسە نېمە كېسەللىك ئىكەن ، تېزراق ئېيتىڭە !

— سىز « لىپرا » كېسەللىكى بولۇپسىز ، — دېدى ئىبرا- ھىم دوختۇر بىرئاز تىكىلىپ قاشتىن كېيىن .

— « لىپرا » ؟

— شۇنداق « لىپرا » .

— « لىپرا » ، « لىپرا » دەيمىش تېخى ، « لىپرا » دېگەن ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ دەل ئۆزى ، — دېۋەتتى باياتىن دوختۇرلار بىلەن ھاجىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ، بۇ شەھەردىكى جامەنىڭ ئىمامى داڭلىق تېۋىپ ئۆزىنى تۇتالماي ، — ھاجى ماخاۋ كېسەللىكى بوپتىمۇ ؟ ئاھ ، خۇدا ! ، نېمىدېگەن دەھشەت ! ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ، « ماخاۋ كېسەللىكىدىن قېچىڭلار » دېگەن ، ماخاۋ كېسەللىكىدىن قېچىڭلار ! ھاجى ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بوپتۇ ، پەيغەمبىرىم ماخاۋ كېسەللىكىدىن قېچىڭلار دېگەن ، قاچايلى ! ھەممىمىز تېز قاچايلى ، قېچىڭلار ، قېچىڭلار ! تېز قېچىڭلار ! مەخسۇم ئىمام گويا ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىشىك تەرەپكە تاشلاندى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىبراھىم دوختۇر ، ئاۋۇت ، ھەتتا ھاجىنىڭ دادىسى ، ئايالى ، بالىلىرىمۇ ئىختىيارسىز تالاغا يۈگۈردى .

ئالەم چۆرگىلىمەكتە . ئۆي ئىچى گۆرىستان جىملىقىغا ئەسىر بولماقتا . ئەجەل لەشكىرى ھاجىنىڭ گېلىغا ھەدەپ قول ئۇزىتىپ ، كۆز گۆھىرىگە قارا پەردە تارتماقتا . شۇ تۇرقى ھاجى ئۆزىنىڭ كۆز - قۇلاقلىرىغا زادىلا ئىشەنمەي قالدى . بۇ مەيداندا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىغا زادىلا ھۆكۈم قىلالمىدى . ئۇنىڭ كاللىسى ، ھەتتا يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بولدى . ئۇ بار كۈچىنى چىشىغا يىغىپ لېۋىنى قاتتىق بىر چىشلىدى - دە ، تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا :

— ئاھ ، خۇدا ، ھەممىگە قادىر خۇدا ، سەن نەدە ؟ بۇ دۇنيادىكى ھەممە ، ئاتا - ئانام ، قەدىناس ئايالىم ، بالىلىرىم ، دوستلىرىم مەندىن يىرگەندىمۇ ؟ ئۇلۇغ خۇدا مەنمۇ ئوخشاشلا بەندەڭغۇ ؟ بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق . مەن ئەمدى نەگە بېرىپ ، نەلەردە تۇراي ، قانداق قىلاي ، قانداق ئېتەي ، ئۆزۈڭگە قويدۇم . ھاجى شۇنداق دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى .

* *          * *

هاجى هوشىغا كېلىپ ئۆزىنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان سۈرلۈك جايدا — « ماخاۋ كېسەللە-كىنى داۋالاش لاگىرى »دا كۆردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچىسىغا ئاق خالات، بېشىغا ئاق پوسما كىيگەن، ئېغىز - بۇرنىغا دۇۋاينە قىلىپ ماسكا تاقىۋالغان كىشىلەر يۈرۈشەتتى. بۇ لاگىرنىڭ ئەتراپى 12 پەخسىلىك تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، تام ئۈستىگە ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان تىكەنلىك سىم تارتىلغان ئىدى.

ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ بۇ لاگىرغا قەدەم باسقان ھەرقانداق ئادەم بۇ يەرگە بىر كىرگەنچە تەلتۆكۈس سا-قايمىغۇچە قورغان سىرتىغا چىقالمايتتى. ھاجى ھازىر ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ تىغ جىنىلا قالدى.

بۇ يەردە ئاغرىقلار قان تىپى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىشىگە قاراپ ئايرىلىدۇ. ياتاققا ئىككە-دىن ئارتۇق ئاغرىق ئورۇنلىشىدۇ. بىراق ھاجى بىر ياتاقتا تەنھا تۇردى.

بۇ لاگىردىمۇ ئاغرىقلارغا كۈنىگە ئۈچ ۋاخ دورا - ئوكۇل بېرىلەتتى. قىش كۈنلىرى دوختۇرلار ئاغرىقلارنى ئىختىيارىي ئەمگەككە سالاتتى. ھەر خىل ھەرىكەت قىلدۇراتتى. ياز كۈن-لىرى ھاۋا تازا قىزىغان چاغلاردا، بولۇپمۇ تومۇز كۈنلىرى كۈن تىككەشكەندە ئاغرىقلار لاگىر قورۇسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قۇم دۆۋىسىدە ئوڭدا، دۈم ياتقۇزۇلۇپ كۈن نۇرىغا قاقلىناتتى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە بىر خىل سۇيۇقلۇق سۈرتۈلۈپ تاكى قۇ-ياش ئولتۇرغىچە تۇرغۇزۇلاتتى. بۇ « كۈن نۇرىغا قاقلاپ داۋالاش » دېيىلەتتى. ھاجىنىڭ بۇ لاگىرغا كېلىشى ئاشۇ « قاقلاپ داۋالاش » ئەۋجىگە چىققان ۋاقىت ئىدى. ھاجى ئاندىن

تۇغما پېتىچە چەش قۇم ئۇستىگە ئېلىپ چىقىلدى. بۇمۇ بىر قىسمەت. تەقدىر بۇ مىليونېر بىلەن ئويناشماقتا، ئۇنىڭغا قاتتىق چاقچاق قىلماقتا. ئۇنلاپ خىزمەتچىگە يۈرەكلىك بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان، قولى ئۇزۇن، «خوش، خوش» چىسى تولا بۇ ھۆرمەت ئىگىسى بۈگۈن مانا مۇشۇنداق بىچارە بولۇپ قالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭ تەقدىرى، ئورنى ئۆزگەردى. ھاجى ئىلاجسىز دوختۇرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇندى. ئەمما «شىرنىڭ بويىنى زەنجىردە بولغىنى بىلەن يۈرىكى بويسۇنمايدۇ» دېگەندەك ھاجىنىڭ غۇرۇرى، يۈرىكى دوختۇرلارنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا يول قويمايتتى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن بۇ لاگىردا دوختۇرنىڭ ھەربىر سۆزى بىر قېتىملىق بۇيرۇققا تەڭ ئىدى. دوختۇر بۇيرۇق قىلدىما بولدى، ئاغرىقنىڭ قەتئىي ئامالى يوق.

ئېگىز بوي، گۆرۈ كەلگەن بىر دوختۇر ھاجىنى قۇم دۆۋىسىگە دۈم ياتقۇزدى، ئۆزى بىر قەدەم نېرىدا تۇرۇپ پاختا قىسىلغان پىنسىتنى N.CH.PP سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان شىشىگە چىلاپ ھاجىنىڭ تېنىدىكى بۇزۇلغان توقۇلمىلار كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن ئورۇنغا سۈركەيتتى. بۇ ھال ھاجىغا نامرات دېھقاننىڭ قوتۇر ئېشىكىنىڭ يېغىرىنى ئەسلىتەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىم دەپسەندە قىلىندى. دوختۇرلار مېنى ھايۋان ئورنىدا كۆردى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن مەن يەنىلا ئادەمغۇ؟ مەن زادى نېمە بولدۇم. بۇ كېسەللىك ماڭا نەدىن ئاپىرىدە بولدى. 40 نەچچە ياشقا كىرىپ ئىككى بالىغا ئاتا بولغان، كېلىن ۋە كۈيئوغۇل كۆرەي دەپ قالغاندا ... ئاھ خۇدا ماڭا ئاتا قىلغان شۇنچە مال - دۇنياغا كۈشەندى قىلىپ بۇ مەرەز كېسەللىكنى بەرگىنىڭ نېمىسى. ئاللا ئىگەم مانا ئەمدى مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدىڭ، بايلىقتىن، ئىززەت - ئابرۇيدىن،

دادامدىن ، ئوغۇل ـ قىزىمدىن ... ئايرىدىڭ . ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم ۋە رەنج كۈلپەت بولامدۇ ؟ مۇنداق قىلغۇچە جېـ نىمنى ئالساڭ بولماسمىدى ... » دەپ پىچىرلايتتى ، خورلۇق ھېس قىلاتتى . دوختۇر ھاجىنى ئۆرە تۇرۇشقا بۇيرۇپ يەنە ياغلاشنى داۋاملاشتۇردى ـ دە ، ئېيتتى :

— كۆن ئولتۇرغۇچە مانا مۇشۇنداق تىك تۇرىسەن .

ھاجىنىڭ بۇ « دوزاخ »قا ئېلىپ كېلىنگىنىگە 20 نەچچە كۈن بولۇپ قالدى . بۇ مەرەز كېسەللىك ھاجىنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇۋاتاتتى . ئۈچ ۋاخ ئۈزۈلدۈرمەي بېرىلىدىغان دورا ـ ئوكۇلنىڭ تاشايىنىدا كۆن تىكلەشكەندىلا ھاجى ئاپتاپقا مەجبۇري قاقلىناتتى . بۇنداق ئازابلىق چاغلاردا ھاجى « دوختۇر دېگەن نەسەپ سورۇشتۇرۇشنى بىلمەيدىغان ، مەرتىۋىگە تېخى قاراپ قويمايدىغان ، ھەممە ئاغرىققا ئوخشاشلا قارايدىغان بىغەرەز ، تاش يۈرەك بىر نېمىلەر ئوخشىمامدۇ . مەندەك بىر مىليونېرغا تۇتقان پوزىتسىيىسى شۇ بولارنىڭ ، باشقىلارنى ... » دەپ ئويلاپ قالاتتى .

— ئۈمىدۋار بولغىن ، — دەپ ئۈمىد بېغىشلايتتى ھاجىنىڭ مەسئۇل دوختۇرى پات ـ پات ، — بىز گە ماسلىشىپ بەرگىن ، دورا ـ ئوكۇللارنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىشلىتىپ ، پەرھىز تۇتۇپ كۆنگىن . « ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا » دېگەن گەپ بار . بۇ كېسەللىكنى ئۆزۈڭ تاپقان . ئەمدى دەردكە چىدىـ شىڭ كېرەك . ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ۋە بىز دوختۇرلارنىڭ ياردىمىنى ، شەپقىتىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت . سەندەك ئاغرىقلارغا پەقەت بىز دوختۇرلارلا يار ـ يۆلەك بولىمىز . ئۆز ئاتا ـ ئانا ، خوتۇن ـ باللىرىڭلار قارىمىغان يەردە سىلەرگە يەنە كىممۇ ھاـ مىي بولاتتى ؟!

— بۇ ئەلدىكى قانۇن پەقەت مۇشۇ لاگىردىلا ھەقىقىي

مەنىسى بىلەن ئىجرا بولىدىكەن، ھەممە ئاغرىقتا ئوپمۇئوخشاش ئىكەن، — دەپ غۇدىرىدى ھاجى دوختۇرنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — ھە راست دوختۇر ئەپەندى سىز ھېلىقى بىر خىل ئوكۇلنى ئالتە ئايغىچە ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلىتىمىز دەۋاتىسىز، ئۇ ئوكۇلنىڭ تەسىرى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. مەندە پۇل دېگەن ساماندەك، مۇمكىن بولسا چەت ئەلدىن دورا - ئوكۇل سېتىۋالايلى! مەن دېگەن...

— بولدى، شۇ پۇلنىڭ گېپىنى قىلىۋەرمە، — دېدى دوختۇر، — «پۇل»، «مىليونېر» دېگەنلىرىڭدىن ھۆ بولدۇم. سەندە زادى قانچىلىك پۇل باردۇ؟ جىق بولسا بىر، ئىككى مىليون يۈەن پۇلۇڭ باردۇ. بۇ كېسەللىك ئالدىدا ئۇنچىلىك پۇل ھېچگەپ ئەمەس، سەندەك ئاغرىقلار ئۈچۈن دۆلەت ھەر يىلى نەچچە يۈز مىليونلاپ پۇل ئاجرىتىدۇ. چەت ئەلدە بۇ كېسەللىكنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى نېمىش قىلسۇن. بۇنداق كېسەللىككە، سەنلەرگە پەقەت جۇڭگودىلا داۋالىنىش ئىمكانىيىتى بار. سەنلەرنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىڭ بىزنىڭ جۇڭگودىلا ساقلىنىدۇ. تېزراق ساقىيىپ كەتسەڭ بەختىڭ، بولمىسا بۇ لاگىردىن ئۆمۈر بويى چىقمايسەن. ئەڭ ياخشىسى سەن تەشكىلگە، ھۆكۈمىتىمىزگە قوشلاپ دۇئا قىل. بىلىپ قوي، سېنىڭ يانچۇقۇڭغا پاتمايۋاتقان ئاشۇ ساناقسىز پۇلۇڭ ھازىرقىدەك داۋالىساق يېرىم يىلمۇ پايلىمايدۇ.

— دوختۇر ئەپەندى راست گەپ قىلىپ بېقىڭ، مەن زادى ساقىيالامدىمەن - يوق؟ — سورىدى ھاجى كۆز يېشى قىلىپ.

— دەۋاتىمەنغۇ، ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش قىيىن، — دېدى دوختۇر قوپال ئاۋازدا، — روھىيىتىڭ بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرگەن تۈزۈك، كۈن، ئاي، يىل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئوبدان داۋالان، گەپ شۇ.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ھاجىنىڭ كاللىسىنى چىرماپ، بىلىپ بولماس بىر ئەسەبىيلىك يۈرىكىنى مۇجۇماقتا، ئۇنى بۇ لاگىردىن قېچىپ چىقىشقا دەۋەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ، بۇ لاگىرنىڭ دەرد - ئەلەمگە ئاران بىر ئاي تەخىر قىلالىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل قۇدرەتلىك غايىۋى كۈچ ئۇرغۇپ قەلبىدە ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىق ھېسسىياتى غەليان كۆتۈرەتتى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەنە بوشلۇق، مەۋھۇملۇققا بولغان ئىنتىلىش ئارزۇسى قەلبىنى پاراكەندە قىلاتتى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خورلۇق، ھاقارەت تۇيغۇسى بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بۇ لەنىتى جايدا داۋاملىق تۇرۇپ داۋالىنىشقا تاقىتى قالمىدى. چۈنكى، تېخىچە ئۇ ئويلاش، سۆزلەش ھەتتا ئىشلەش ئىقتىداردىن مەھرۇم ئەمەس. يۈرىكى، نېرۋىلىرى ساق. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ دادىسى، ئايالى، پەرزەنتلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى (ئۇ شۇنداق ئويلايتتى)، ئادەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىغان دوستلىرى، ئىشداشلىرى ئۇنىڭدىن قاچتى. مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئىزىپ بۇ تەرەپكە ئۆتمىدى. بۇ ئىش ھاجى ئۈچۈن ئەڭ ئەلەملىك ئىدى. ھاياتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ كارى مۇشۇلىما... ئۇ تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە، ئابرۇيغا ئىگە داڭلىق مىليونېر ئىدىغۇ؟ بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن ئۇ ھەممە كىشى يىرگىنىدىغان، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان تولىمۇ قورقۇنچلۇق، كۆرۈمسىز كىشىگە، نەس باسقان بىچارە ئاغرىققا، ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ھەممە ئادەم سەسكىنىدىغان ماخاۋ كېسەللىكىگە دۇچار بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بايلىقى، پۇلى، ئىززەت - ھۆرمىتى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىدى، ئۇنى مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ئۇ دۇنيانىڭ، تەقدىرنىڭ، ھاياتنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىدە قىلغان ئازاب -

ئوقۇبەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. مال ـ دۇنيا، ئابرۇي، ئا-
مەت، بەختلەرنى يۇدۇپ يۇرگەن ھاجى ئەمدىلىكتە ھېچ نەرسىگە
چىدىيالمىدى. ئىنسان ئەنە شۇنداق تولىمۇ كۆتۈرۈشلۈك، ئەمما
چىدىماس نەرسە، خام سۈت ئەمگەن مەخلۇق.

ھاجى قەتئىي ئىرادىگە كەلدى ـ دە، بۇ لاگىرنىڭ شۇنچە
ئېگىز تېمىدىن ئارتىلىپ قېچىپ چىقتى. ئېگىز تام، تىكەنلىك
سىم توساق ئۇنى توسۇپ قالالمىدى. شۇ تۇرقى ئۇ ئۆزىدە
ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ غايىبانە كۈچ ـ قۇدرەتتىن ھەيران
بولدى. ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ھاجى باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن قېچىشنى ئوبدان بىلەتتى.
ئۆزىمۇ ئادەملەردىن يىرگىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ
لاگىردىن چىقىپ يۇرت تەرەپكە — ئادەملەر توپى ئارىسىغا
ئەمەس، بەلكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئادەم ئاياغ باسمىغان
چۆل ـ جەزىرىگە، چەكسىز قۇملۇققا قاراپ قاچتى. «ھالاكەت
دېڭىزى»، «بارسا كەلمەس ماكان»غا ئىچكىرىلەپ كىردى.
نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم گۈزەل مەنزىرىسى، ھەددى ـ ھې-
سابسىز بايلىقى، ئاۋاتلىقى، چەكسىزلىكى بىلەن داڭ چىقارغان
كاتتا شەھەر خارابىسىغا، ئاشۇ سۇرلۇك ھەم سىرلىق دىيارغا چوڭ
يۇرەكلىك بىلەن قەدەم باستى.

رىۋايەتلەردە: «جادۇگەرلەر ئەپسۇن ئوقۇپ دۇم كۆمە-
تۈرۈۋەتكەن» دېيىلگەن، كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن ئاجايىپ
قورقۇنچلۇق ۋە سىرلىق رىۋايەتلەر توقۇلغان بۇ پايانسىز قۇملۇققا،
نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئادەملەر ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت
قىلالماي كېلىۋاتقان بۇ سىرلىق زېمىنغا بۇگۈن ھاجى بۆسۈپ
كىرمەكتە ئىدى. بۇ تۇرمۇشتىكى ئاددىي تەكرارلىنىشمۇ ياكى
ھاياتلىقنىڭ ئەسلىگە قايتىشىمۇ ۋە ياكى تارىخنىڭ
تەكرارلىنىشمۇ، تارىختا بۇ يەرگە كىرىپ سالامەت قايتىپ چىق-

قانلار بەك ئاز ، دېيىلەتتىغۇ ؟ ھاجى بۇ يەردىن بايلىق تاپماقچىمۇ ياكى كېسەللىككە شىپالىق دورا ئىزدەمدۇ ؟ ياكى ئۇ مۇندىن كېيىنكى بەختىنىڭ ئاچقۇچىنى ئاشۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا دەپ ئاڭلىغانمۇ ؟ ياق ! ھاجى بۇ يەرگە پەقەت ئۆلۈمنى ، ئەزرا-ئىلنى ئىزدەپ كەردى . ئۇ قاچماقتا ، ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراققا ، تېخىمۇ يىراققا كېتىپ ئۆلۈش ، جەسىتىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك نىيىتىدە قاچماقتا . بىراق ، بۇ نومۇسچانلىقنىڭ ئورنىنى بىردىنلا ئىنسانىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىك ، غەزەپ - نەپرەتلەر ئىگىلىدى . ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا تولدى . مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا نەپرەت ئالماشتى . « مەن بۇ چۆل - جەزىرىدە ئۆلسەم جەسىتىم قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولىدۇ ، ئۇلار مېنى يەپ بولۇپ سۇ ئىچىش ئۈچۈن دەريا - كۆل-لەرگە بارىدۇ . دەريا - كۆللەردىكى سۇ بۇلغىنىدۇ . مەندىكى بۇ مەرەز ، بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك باشقىلارغا ، پۈتكۈل ئىنسانغا يۇ-قىدۇ ، ھەي ، مەيلى ئەمەسمۇ ، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش كېسەللىك ئازابىنى تارتسۇن ، ئۆلسۇن . مەن ئۆلۈپ باشقىلار ياشىسا بۇ قانداق بولغىنى . بۇ ئەلەمگە چىداش مۇمكىنمۇ ؟ مەن ئۆلۈپ كەتسەم خوتۇنۇم باشقا بىرسىگە تېگىدۇ . بالىلىرىم مال - دۇنيا-يىمنى بۇزۇپ - چاچىدۇ . بۇنىڭغا قاراپ تۇرالامدىمەن ؟ باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش سەرسان - سەرگەردان بولۇپ ئۆل-سۇن . راست ، بېشىمغا ئامەت قۇشى قونغان چاغلاردا باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارىم بولمىدى . كىم ئۇلارنى تەتۈر پېشانە بولسۇن دەپتۇ . ھېلىھەم بولسىمۇ ئەسلىيەلىگىنىمگە ئۇلار خۇش بولسۇنا ... » . بۇ تاققا - تۇققا خىياللار ھاجىنىڭ كۆڭلىنى خىلىلا كۆتۈرۈپ قويىدى . بىراق ھايال ئۆتمەستىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەينى يىللاردا يوقسۇزچىلىقتا باشقىلارغا موھتاج بولۇپ ئۆتكەن جاپاكەش دادىسى ، ئوماق پەرزەنتلىرى ، ئاق كۆڭۈل

ئايالى، بولۇپمۇ بالىلىق مىجەزىنى تاشلىمىغان قىزىنىڭ سىيماسى كۆپلىشۋالدى. شۇ ئەسنادا ئۇ باياتىن قىلغان قاباھەتلىك چۈش كەبى خىياللىرىدىن ۋاز كېچىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى:

— ئاللا ئىگەم مېنى، مەن گۇناھكارنى كەچۈر، بۇ كېسەللىك مەن بىلەن كەتسۇن، قۇم - بورانلارغا بۇيرۇق قىل. مېنى كۆمۈۋەتسۇن. ئوغلۇم بىلەن قىزىم مەندەك بىر دادىسىنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتسۇن. زادى ئويلاپ قالمىسۇن. جەسىتىمگە ئېغىز تەگكۈزگەن قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ سۇنى بۇلغىشىغا بۇ-گۇنكى ئويغاق ئەۋلاد چارە قىلىدۇ. ھەي ھەممىگە قادىر ئاللا ئىگەم پەقەت مېنىڭلا جېنىمنى ئال. مەنلا ئۆلسەم ھەممە خاتىرجەم بولىدۇ. ھەي ئەزرائىل قېنى سەن. چاپسانراق جېنىمنى ئالما-سەن ... — تىلىسەڭ تاپىسەن دېگەندەك، قۇملۇق تۇيۇقسىز تىترەشكە، گۈلدۈرلەپ قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى، ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. بوران سوقماقتا، قۇملار ۋىژىلداپ ئۇچماقتا. ھاجى بوران دەھشىتىدە گويا يىلتىزى ئۈزۈلگەن قام-غاقتەك بورانىنىڭ يۆنىلىشى تامان دومىلىماقتا. قۇم - بوران دولقۇنى ئۇنى ھەدەپ ئىتتىرەتتى. ھاجى ئۆزىگە زادىلا ئىگە بولالماي دومىلايتتى. مىڭ تەستە ئۆرە بولاتتىيۇ، ھايال ئۆتمەي يەنە يىقىلاتتى. ئۇ شۇ تاپتا بايىقى نالە - زارىم ئاللا ئىگەمگە يې-تىپ ماڭا مۇشۇ سۈرەتلىك ئەزرائىلنى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، ئەمدى تۇگەشتىم، پۈتۈنلەي تۇگەشتىم، ھەي بۇ ئالەمدە پەر-زەنتىسىز ئۆتكىنىم ئازدەك (ئۇنىڭ ھازىرقى ئوغۇل ۋە قىزى ئاسىرىۋېلىنغان ئىدى) قەبرىسىز كېتىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر-ئەر نەرسىگە پۇتلىشىپ ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تىنىمسىز بوران كۆز ئاچقۇرمايتتى. بۇ قۇم دېڭىزى ھاجىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغاندەكلا قىلاتتى. ھاجىمۇ بوش كەلمەي ھەدەپ جان تا-

لىشۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا « گۇپ » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاجى ھوشسىدىن كەتتى . بوران گۇركىرىمەكتە ، قۇم كۆچمەكتە ، زېمىن تىترىمەكتە ، بوران ئەۋجىگە چىقماقتا . ھەي ئىسست ، ھاجىنىڭ تېنى مۇشۇ قارا بوراندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ ؟ ھاجى بۇ دۇنيا بىلەن مۇشۇنداق خوشلىشارمۇ ؟

* *          * *

بوران پەسلىدى ، قۇياش ، ھاياتلىق ئانىسى قۇياش بۇ قۇملۇققا يەنە كۈلۈپ باقتى . ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم ، ھاجى كۆزىنى ئېچىپ تولىمۇ ھەيران قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ زېمىن ئۈستىدە — چەكسىز قۇملۇقتا كۆكتىكى قۇياش ۋە قۇملۇقلارغا قاراپ ياتقىنىغا ئىشەنمەي « مەن ھاياتمۇ ، مېنى قۇملار كۆمۈۋېتەلمىدىمۇ ، مەن قەيەردە ؟ ئاھ ، خۇدا نېمىشقا ئاشۇ ھوشسىزلاندۇرغانچە جېنىمنى ئالمايسەن ؟ مەن مۇشۇ يىقىلغانچە قۇم تېگىدە تۇگەشسەم بولاتتىغۇ ، ئاھ خۇدا ، ماڭا يەنە قانداق تارتقۇلۇقلارنى تەقسىملىگەنسەن » دەپ نالە قىلماقتا ئىدى . ھاجى ئىلاجىسىز رېئاللىققا تەن بەردى . ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى . شۇ تاپتا ئۇ يەردىن ئىككى ، ئۈچ مېتىرچە ئېگىزلىكتە — تەكچىگە ئوخشاش بىر يەردە ئولتۇراتتى . بەرھەق ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نەچچە مېتىر ئۆزۈنلۇقتا تام ، ئۇ ئاشۇ تامغا چوڭقۇر ئويۇلغان تەكچىدە ئولتۇرۇپ قالغان . ھاجى ئۆزىنىڭ بوراندا دومىلاپ كېتىپ بېرىپ ، نەچچە يۈز مىڭ يىلدىن بۇيان قۇم ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان ، بۇگۈنكى تەڭداشسىز بوراندا ئېچىلىپ قالغان قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى بۇتخانىنىڭ بۇت تەكچىسىگە ئۇ-رۇلۇپ ھوشسىزلانغانلىقىنى پەرەز قىلدى . ھاجى ئۆزى قىسىلىپ قالغان ئاشۇ تەكچىدە تۇنجى بولۇپ ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ يىراققا نەزەر تاشلىغىنىچە ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ چازا قۇرۇپ

بەخىرامان ئۇلتۇرغان بىر بۇتنى كۆردى. بۇ بۇت قەدىمكى زامان سەنئىتىنىڭ ئېسىل مىراسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى چوقۇرلار ئەسىرلەر يالدامىسى، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن ئىزناسى ئىدى.

ھاجى بۇت تەكچىسىدىن قۇم ئۇستىگە سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، چاكقاپ تۇراتتى. ئۇ كۈنگە قارىدى. ئاشۋاقتى بولغان ئىدى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ مۇشۇ قەدىمكى لاي بۇتقا بىر كېچە ھەمراھ بولۇپ، بۇ تەكچىدە يېتىپ قالغانلىقىغا قايىل بولدى. چۈنكى، تۈنۈگۈن بوران چىققان چاغدا پېشىن بولغان ئىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن قارا بورانىنىڭ سوقۇشى، دوملىتىشى بىلەن تاسادىپەن ئاشۇ بۇت تەكچىسىگە توغرا كېلىپ قالدىمۇ ياكى جىن - شاياتۇنلار ئۇيىنىشىپ بۇ تەكچىگە تاشلىدىمۇ ۋە ياكى بۇ قەدىمكى بۇت ماڭا ھامىي بولۇپ، مەن ئۇنىڭ يېنىدىن دوملاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئاشۇ بوغماق قوللىرى بىلەن تارتىۋالدىمۇ؟» دەپ سوئال قويىاتتى. «ھە، راست، — دېدى ئۇ شۇ زاماتلا، — دادامنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە تارىختا ئەجدادلىرىمىز بۇتقا چوقۇنغان ئىكەن. كېيىنچە ئۇلار مۇنداق بۇتلارنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتكەن. راست، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بىر يېڭى ئەقىدە مەيدانغا كەلگەندە بۇرۇنقى ئەقىدىسىدىن ئوڭايلا ۋاز كېچىدۇ. بىر يېڭى پەدەر باش كۆتۈرسە كونا پەدەرنىڭ سۈرىتىنى ئوتقا تاشلايدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن يوللار بۈگۈنكى كۈندە بىزگە تولىمۇ غۇۋا، گىرىمسەن بىلىنىدۇ...»

شۇ تاپتا ھاجى ئۆزىنىڭ يا قۇملۇقنىڭ بىر چېكىگە — يېقىن ئەتراپتا ئادەمزات بار يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ياكى قۇملۇقتا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ تەكچىدە بەخىرامان ئۇلتۇرغان ھېلىقى لاي بۇتقا تىكىلىپ بىر

قاراپ قويغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز هالدا پۈتى تايغان تەرەپكە ماڭدى . ئەمما بۇ قانداقتۇر نىشانسىز ، مەقسەتسىز مېڭىش ئە-مەس ، بەلكى بۇ هالاكەتكە يۈزلىنىش ، ئۆلۈم ئىزدەش ئىدى . هەي ، ئۇ نەگىمۇ بارسۇن ، راست گەپنى دېگەندە ، ئۇنىڭ كۆز-لىگەن مەنزىلى يوق . ئۇ ئۇنىسىز بىر پەس ماڭدى . بۇنىڭ بىلەن قالماي يۈگۈردى . جان تالىشىپ يۈگۈردى . يۈگۈرەپ كېتىپ بېرىپ « ئالدىڭغا قارا » دېگەن شەپە بىلەن ئالدى تەرەپتىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئۆزىگە روبىرو قاراپ تۇرغان بىر ياۋايى مەخلۇقنى كۆردى . هاجى بۇ مەخلۇقنى دەسلەپ ئىتقا ، تۈلكىگە ئوخشاتتى . نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم هاياتلىق توختىغان ، ها-ياتلىق مۇشۇ چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ جايدا ئىت ، تۈلكە ... هاجى تېرىسى شەلۋەرەپ كەتكەن ئۇلۇغ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن كۆزىنى بىر قېتىم ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن كۆز ئالدىدا تۇرغان بايىقى ياۋايى مەخلۇقنى تىكىلدى ... ، « بۇ نېمىدېگەن سىرلىق دۇنيا ، سىرلىق هايات ، بۇ ئىتمۇ ، ياق ؟ ياق ! ئىت ئەمەس ، ئىت بار يەردە ئادەم بار ، هاياتلىق بار ، ئىت دېگەن ئادەمگە ئەگىشىپ يۈرىدىغانغۇ ؟ بۇ يەردە ئادەم ، هاياتلىق يوق ئىكەن ، ئىت نېمىش قىلىدۇ ؟ بۇ تۈلكىمۇ ئەمەس ، ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ — بۇ قايسى مۇقەددەس هايۋاندۇ ؟ ئاللا ئىگەم ماڭا كارامەتلىرىنى كۆرسىتىۋاتسا كېرەك . ماۋۇ كارامەتنى ، بۇ هايۋان بۇ ئاتەش ماكاندا ، بۇ دوزاختا ، هاياتلىق چىرىغى ئۆچكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا نەچچە يۈز مىڭ يىللاردىن بۇيان نەسلىنى قۇرۇتماي ، هاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ . بۇ نېمىدېگەن قەي-سەرلىك ـ هە ، هاجى بۇ مۆجىزاتنى ئەينەن كۆرۈش مەقسىتىدە ياۋايى هايۋانغا يېقىنلاپ باردى . ياۋايى مەخلۇق بۇ قۇملۇقتا ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆشەندىسىز ياشاپ يۈرەك توختىتىۋالغان ياكى تالاي قېتىم تاۋلانغان بولغاچقىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان هاجىغا

پەرۋا قىلماي، جامدەك يوغان، كۆپكۆك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە مىت قىلماي قاراپ تۇراتتى. ئۇ تېگى ئاقۇش، ئۇستى تەرىپى سارغۇچ كەلگەن قۇيرۇقىنى ئانچە ـ مۇنچە مىدىرلىتىپ قوياتتى. بۇ هال هاجىنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈردى ـ دە، ئۇ جايىدا توختاپ قايتا قارىدى. ئىككى كۆز ئۇچراشتى، بىر ـ بىرىگە ئۇزاق تىكىلىپ قاراشتى.

ـــ بۆرە، بۆرە، ـــ دەپ ۋارقىرىدى هاجى كۆزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغان بۇ هايۋاننى بىردىنلا تونۇپ، ـــ ئاھ، خۇدا بۇ چۆل بۆرىسى، ئاللا ئىگەم مېنى راستىنلا ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

بۆرە گويا هاجىغا جاۋاب قايتۇرغاندەك ئاسمانغا قارىغىنىچە زېمىننى، چەكسىز قۇملۇقنى لەرزىگە سېلىپ ياڭراق هەم قورقۇنچلۇق ئاۋازدا هۇۋلىدى. بۇ دەهشەتلىك ئاۋاز هاجىنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىپ تىترەتتى، يۈرىكىنى جىغىلداتتى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇراتتى. ئاۋادا شۇ تۇرقى بۆرە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ قالسا قانداق قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. بۆرىنىڭ قاتتىق هۇۋلىشى ئۇنىڭ ماجالىنى قويمىغان ئىدى. ئۇ خۇددى روهى تېنىدىن ئاجراپ كەتكەندەك بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ بىلىپ بولماس بىر غايىۋى كۈچ تۈرتكىسىدە بۆرىگە مۇراجىئەت قىلدى:

ـــ هەي چۆل بۆرىسى، مەن هاياتلىق ۋە يورۇق دۇنيادىن بىزار بولۇپ بۇ پايانسىز قۇملۇققا ئەجەل ئىزدەپ، ئەزرائىلنى سېغىنىپ كىرگەن. سەن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ يۈرگەنسەن هەقىچان، ئىككىمىزنىڭ تەبىئىتى تولىمۇ يېقىن كېلىدۇ. چۈنكى هەر ئىككىمىز گۆشخور مەخلۇق. بۇ يەردىكى پەرق بىز پىشۇرۇپ يەيمىز، سەن خام يەيسەن. كەل سەن ئۈچۈن مەن تەييار تائام، تەييار ئاش، كەل! بېرى كەل، مەن ساڭا يەم بولاي. سەن مېنى

ـراقلا يەپ تۈگەت . سۆگەكلىرىمنى چايناپ ـ چايناپ ھاۋاغا ،
ـۇشۇ قۇم بارخانلىرى ئىچىگە پۈركۈۋەت . مۇشۇ سانسىز قۇم
ـارخانلىرى قەبرەم بولۇپ قالسۇن . قىيامەت قايىم بولغان چاغدا
ـەن مۇشۇ قۇملۇقتىن قوپاي . مەن ھاياتقا جاق تويدۇم ، باشقىلار
مەندىن بىزار ، كەل مىنى ... مىنى يىگىن ... — ھاجى ئىختىيارسىز
ھالدا بۆرىنىڭ ئالدىغا كىلىپ زوڭ ئولتۇردى . بۆرە ئۇن ـ تىنـ
ـسىز ، جىمجىت تۇراتتى . پەقەت ھاجىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە
قۇلاق سالاتتى . ھاجى ئولتۇرغان يىرىدىن بىشىنى ئىگىز كۆ-
ـتۈرگەندە ، ئىككى كۆز يەنە ئۇچراشتى . بۆرىنىڭ كۆزلىرىدە نە
خۇشاللىق ، نە قورقۇنچ ، نە ياتسىراش دىگەندىن ئەسەر يوق
ئىدى . ھاجى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن بۆرىنىڭ
بىشىنى ، كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان يىرىك تۈكلىرىنى سىلاپ
يەنە نالە قىلدى :

— سەن ، سەن مىنى نىمىشقا يىمەيسەن . نىمىشقا مەندىن
قاچىسەن ؟ مەن ھەممە يىرگىنىدىغان ، ھەتتا پەيغەمبەرمۇ قاچىـ
دىغان ماخاۋ كىسەللىكىگە گىرىپتار مەخلۇق . بۇنى سەنمۇ
بىلگىن . شۇڭلاشقا شۇنچە ئىچىرقاپ كەتكەن بولساڭمۇ مىنى يىـ
يىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىسەنغۇ دەيمەن ؟ مەن ساڭا قايىل
بولدۇم ، سەن مىنى يىمەيدىغاندەك تۇرىسەن . بوپتۇ ، مىنى يىمە-
گىن . ناۋادا يىسەڭ مەندىكى كىسەللىك ساڭا يۇقىدۇ . سىنىڭ
نەسلىڭگە يۇقىدۇ . بۇنىڭ بىلەن نەسلىڭ يوقىلىدۇ ، مەڭگۈ قۇ-
رۇيدۇ . مىنىڭ يوقالغىنىم ئازدەك سەنمۇ بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز
كىتىپ قالىسەن . مەندىكى بەدبۇينى پۇراۋاتقانسەن . ئاھ ، خۇدا ،
مەن زادى نىمە بولغان ئادەم ـ ھە ، مەن بۆرىلەر ئادەم يەيدۇ دەپ
ئاڭلىغان . بۇ بۆرە ماڭا قاراپمۇ قويماۋاتىدۇ . مەن ھەتتا ئەڭ
رەھىمسىز ، گۆشخور ھايۋانلارغىمۇ يارىماس ، ئەرزىمەس نەرسىگە
ئايلىنىپ قاپتىمەن . ھەي ئەزرائىل قىنى سەن ، مىنىڭ بۇ

خەسىس جىسمىمنى ئالغىن، پاك قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار مېنى كۆرمىسۇن. مېنى مۇشۇ بۆرە بولسىمۇ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈۋەتسۇن.

هاجىنىڭ نالىسى يەنىلا جاۋابسىز قالدى. ئەزرائىلمۇ پەسەنتىگە ئېلىپ قويمىدى. هېچ يەردىن غەيرىي سادا كەلمىدى. پەقەت بۆرىنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. هاجى يەنە زارلىنىشقا باشلىدى:

— هەي بۆرە، سەن ئەزرائىل سۈرىتىدە مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭمۇيا؟ ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، ئەمىسە مېنى قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈۋەت. سەن ئاشۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرىڭ بىلەن قۇملارنى تاتىلاپ، ئىتتىرىپ كېلىپ مېنى كۆمۈۋېتىشكە قادىر، — هاجى بۆرىنىڭ ئالدىغا سوزۇلۇپ ياتتى. بۆرە هاجىنىڭ بىچارە هالىتىگە بىر قاراپ قويدى - دە، كەينىگە يېنىپ ئاستا يول ئالدى.

— هەي پاك قۇلاق بۆرە نەگە بارىسەن؟ — سورىدى هاجى رەسمىي ئاچچىقلاپ، — مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن!

هاجىنىڭ بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى يوققا چىقتى. بۆرە ئۇنىڭ كۆز يېشىغا، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشىغا، هەتتا پوپوزىسىغا پەرۋا قىلماي پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قويغىنىچە كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى.

— ئاھ، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا، بۇ قانداق ئىش، — تۇۋلاپ كەتتى هاجى بۆرىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ ئاستا كېتىۋاتقىنىدىن تولىمۇ غەلىتىلىك هېس قىلىپ، — شۇنداقمۇ ئوخشاشلىق، ئەينەن تەكرارلىنىش بولامدۇ؟ شۇ تۇرقى مەن بوۋام سۆزلەپ بەرگەن «يول باشلىغۇچى بۆرە» هېكايىسىدىكى مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەنغۇ، بۇ هېكايىدىكى ئاشۇ بۆرە بولمىسۇن؟ ئەگەر راستىنلا شۇ بۆرە بولسا ئۇنىڭ مېنى

قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشىدا گەپ يوق ، ھەي ئىلاھىي بۆرە ، قۇتۇل-دۇرغۇچى بۆرە مەن ساڭا ئەگىشەي ، مېنى ھاياتلىق بوستانىغا قايتا باشلاپ بارغىن ...

ھاجى نالە - پەرياد بىلەن بۆرىنىڭ ئىزىغا چۈشتى ، ھەممىنى ئۇنتۇپ يۈگۈردى . ئەمما بۆرە قىلچە پەرۋايىغا ئالماي ، ھاجىنىڭ نالە - پەريادىغا قۇلاقمۇ سالماي قۇم دېڭىزى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى .

— ھەي بۆرە سەن ھېچنېمە خىيالىڭدا يوق كەتتىڭغۇ ؟ — سورىدى ھاجى بۆرىگە تەلمۈرۈپ ، — كۆ-زۈمگە بىرلا كۆرۈنۈپ قويۇپ ، ماڭا ئاز - تولا ئۈمىد بېغىشلاپ قويۇپلا يەنە كېتىپ بارىسەنغۇ . مەن ۋاپاسىزدەك قىلامدىمەن ؟ سېنىڭچە ئادەملەر ۋاپاسىزمۇ ؟ راست ! راست ئەجدادلىرىم دەسلىپىدە سېنى ئۇلۇغلىغان ، ساڭا تىۋىنغان . ئەمما كېيىنچە ساڭا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتتى ، ھەتتا بارا - بارا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىدى ، ساڭا قاپقان قۇردى ، ئوق ئاتتى ، سېنى يېمەكسىز قالدۇردى ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئادەملەردىن يىرگىنىپ ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي خۇپىيانە ياشايدىغان ، ئۇلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىدىغان بولدۇڭ . ئادەملەر قانچىلىغان جانۋارلارنى بوغۇزلايمىز ، يەيمىز ، ئۇلارنىڭ گۆشى بىلەن لەززەتلىنىمىز ، ئەمما ساڭا ئازراق بولسىمۇ نېسۋە بېرىشكە چىدىمايمىز . تاغلاردا ، يايلاقلاردا مالچىلار « قويلارغا بۆرە تېگىپ قالدى » دەپ گۇمان-سىراپ ھەمىشە مىلتىق ئېسىۋالدۇ . ئوۋچىلار سېنى ئوۋلاپ تېرەڭدە جۇۋا تىكىپ كىيدۇ ، ھەتتا بىز سېنىڭ ئوشۇقۇڭنى بوينىمىزغا تۇمار قىلىپ ئېسىش ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرىمىز . سېنىڭ ئوشۇقۇڭ شۇنچە خاسىيەتلىكمىش ، سېنىڭ ئوشۇقۇڭنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغان كىشىگە باشقىلار قەست قىلالمايدىكەن ، قەست قىلسىمۇ كار قىلمايدىكەن ، ئۇخلىغاندا قارا باسمايدىكەن ،

جۆيلمەيدىكەن . بىلمەي كەلگەن قازا ، بىلىپ كەلگەن بالالاردىن ساقلىيالايدىكەن . جىن ـ شاياتۇنلار يېقىن كېلەلمەيدىكەن . سىېنىڭ ئوشۇقۇڭنى يېنىدا ساقلىغان كىشىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئامىتى كېلىدىكەن ، كۆڭلى خۇشاللىق بىلەن ئۆتىدىكەن . قىسقىسى ، بەختلىك بولىدىكەن . ئاھ ، خۇدا بۇ نېمانچە گىرەلەشىپ كەتكەن ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غۇۋا ئەقىدە ـ ھە !

ھاجى يۇگۇرمەكتە ، بۆرە ئىزىدىن يۇگۇرمەكتە . « توختا ھەي ئىلاھ بۆرە » دەپ ۋارقىرىماقتا . قۇملۇق تونۇردەك قىزىپ ھاجىنىڭ تەشنالىقى چېكىگە يەتمەكتە . ئۇنىڭ كۆز ئالدى ، ئاياغ ئاستى گويا دېڭىزدەك كۆرۈنەتتى . ئۇ يەرگە ئاغزىنى ياقاتتىيۇ ، « پاھ » دېگىنىچە تارتىۋالاتتى ، قۇمنى ئۇچۇملاپ ئالاتتى ، ئەمما قولى كۆيۈپ يەنە تاشلايتتى . ھاجى بۆرە ئىزىدىن يۇگۇرۈپ يۈرۈپ ھوشىدىن كېتەي دەپلا قالدى ، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە يېشىللىق چېلىقتى . ئاھ ، ھايات ! ئاھ ، يېشىللىق ، ھايات ـــ يېشىللىق ، يېشىللىق ـــ ھايات . ھاجى ئاشۇ يېشىللىق تەرەپكە ، بىر توپ كۆپكۆك قۇمۇشلۇققا يۇگۇردى . ئۇ يەردە چوقۇم سۇ بار ، تەشنالىق ئۇنى تەقەززا قىلدى . ئۇ ، ئەسەبىيلىك بىلەن يۇگۇردى . راست دېگەندەك ئىككى پارچە كىگىز ئورنىدەك كەڭلىكتىكى يەردە كۆكەرگەن قۇمۇشلۇق ، ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كەتمەن سېپى تومۇلۇقىدا سۇ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان ، ئەمما سۈيى بەش ، ئالتە مېتىر نېرىغا بارمايلا قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدىغان ، داش قازاننىڭ ئاغزى چوڭلۇقتا بىر بۇلاق بار ئىكەن . ھاجى بۇلاققا ئۆزىنى ئاتتى ، چۆمۈلدى ، سۈيىنى ئىچتى ، قېنىپ ـ قېنىپ ئىچتى ، بۇلاقتا دۈم يېتىپ بۇلاق ئاستىدىكى قۇم ـ تۇپراق ۋە لەشلەرنى قېنىپ ـ قېنىپ يۇرىدى ، يۈز ـ كۆزىگە سۇرتتى . ئوڭدا يېتىپ چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىغا ، ئوتلۇق قۇياشقا

قارىدى. كۆزىنى يۇمۇپ راھەتلەندى، بارا - بارا بەدىنى بوشاپ ھوشىدىن كەتتى. بۇ ھالەت قانچە ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگىنى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ. بىر چاغدا قورقۇنچلۇق پۇشۇلدىغان بىر ئاۋاز دەستىدىن يەر - زېمىن سىلكىنىپ كەتتى. ھاجى چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئادەمنىڭ يوتىسىدەك چوڭ-لۇقتا نەچچە ئون چىپار يىلان قىپقىزىل كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، نەشتەرلىرىنى لىكىلدىتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۇشۇلدىشىپ تۇراتتى.

— ئاھ خۇدا، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ — ۋارقىرىدى ھاجى، — بۇ بۇلاقنىڭ ئىگىلىرى مۇشۇ يىلانلارما؟ نېمىشقا ھەر نەرسىگە بىردىن كۈشەندە ياراتقانسەن؟ بۇ بۇلاقنى بىكارلاپ بەرمەي، يىلانلاردىن قۇتۇلماق تەس. يىلان قۇمدا ماڭالمايدۇ، شۇڭا قۇملۇقتا قاچسام يېتەلمەيدۇ.

بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەھشەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يەنە «قانداقتۇر بىر ياۋايى مەخلۇق ماڭا ھەيۋە قىلىۋاتامدىغاندۇ» دەپ قالدى - دە، ئارقىسىغا قارىدى. ئەتراپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى - دە، باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن بىر تىك ئۇچار ئايروپىلاننى كۆردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە دېدى: «بۇ ئەتراپتا ھاۋا ئارمىيە بازىسى بارمىكىنا؟ تووۋا خۇدايىم. بۇ چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئىچىدە بازا قۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟ راست بۇ ئىشنى بىز بىلمەيدىغاندىمىز. ھۆكۈمەت نەگە قۇرىمەن دېسە بازا دېگەننى شۇ يەرگە قۇرىدۇ. سەۋەبى ھۆكۈمەتكە مەلۇم...»

ئايروپىلان ئۇنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ پەسلەشكە باشلىدى. ھاجى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ «بۇ تىك ئۇچار ئايروپىلاندا مېنى تۇتقىلى كەلگەن دوختۇرلار بارمۇ نېمە؟ بول-مىسا، مېنىڭ بېشىمدا چۆگىلەپ يۈرەمتى» دەپ ئويلىدى - دە

، «قېنى، مېنى تۇتقىنىڭنى بىر كۆرەي» دەپ تېخىمۇ تېز يۈگۈرەشكە باشلىدى. ئايروپىلان بارا - بارا پەسلەپ ئۆينىڭ كۆز ئالدىدا يەرگە قوندى. ئايروپىلاندىن ئاق خالات كىيگەن ئۈچ كىشى چۈشۈپ ھاجىغا قاراپ يۈگۈردى. ھاجى ئامالسىز قالدى. دوختۇرلار ھاجىنى قۇمغا ئىختاپ پۇت - قوللىرىنى مەھكەم باغلىدى - دە، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان رېزىنكە تاغارغا سولاپ ئايروپىلانغا ئالدى، ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ھاجى تېپىچەكلەپ ۋارقىرايتتى:

— مېنى قويۇۋېتىش، مېنى ئۆلگىلى قويۇش، مېنىڭ، مېنىڭ ياشىغۇم يوق.

— جىم يات پەسەندە ناكەس، — دېدى ھاجىغا مەسئۇل بولۇپ داۋالىغان ئېگىز بويلۇق دوختۇر، — ئۆلسەڭ ئاشۇ لاگىر ئىچىدە ئۆل، باشقا جايدا ئۆلۈشىڭگە رۇخسەت يوق. ئەسلى سەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان پەسەندە ئىكەنسەن. مۇندىن 40 نەچچە يىل مۇقەددەم، يەنى سەن ئۈچ - تۆت ياش ۋاقتىڭدا يۇرتۇڭدا مۇشۇ كېسەللىك تارقىغان، يۇرتداشلىرىڭنىڭ ھەممىسى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان، ئاتا - ئاناڭمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ئۇ چاغدا كېسەللىك رايونى كېڭىيىپ كېتىۋاتقاچقا ھۆكۈمەت بىلەن «شەرئى مەھكىمە» يۇرتۇڭدىكى چوڭ - كىچىك، ياش - قېرى ھەممىسىنى مال - دۇنيا، ھەتتا ماكانى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغان ھەمدە يۇرتۇڭنى كېسەللىك رايونى قىلىپ مەخسۇس ھەربىي قوشۇن ئاجرىتىپ مۇھاسىرىگە ئالغان. ھېچكىم بۇ يۇرتتىن قېچىپ چىقالمىغان. سېنىڭ ھازىرقى داداڭ سەمەتئاخۇن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دەسلەپ تاماشا ئورنىدا ئۇ يەرگە ئات مىنىپ بېرىپ كۆرگەن. كېيىنچە ئۇلۇغ ئوتتا كۆيۈۋاتقان يۇرت - ماكان ۋە ئادەملەرنىڭ نالە - پەريادىغا چىداپ تۇرالماي ساۋابلىق ئۈچۈن

بىرەر نارەسىدە بالا بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش نىيىتىدە كېسەللىك رايوننى قورشاپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ توسۇشىغا ۋە ھاياتىنىڭ خەۋپكە قارىماي ئوت ئىچىگە ئات سېلىپ كىرىپ سېنى قۇتۇلدۇرۇپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن، ئەمما ئۆز ئاتا - ئاناڭ، يۇرت ۋە يۇرتداشلىرىڭ شۇ يەردە كۆيۈپ تۈگىگەن. كېيىن شەرئى مەھكىمە ۋە ھۆكۈمەت سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان سەمەتئاخۇننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان، ئەگەر شۇ چاغدا قولغا چۈشۈپ قالغان بولساڭلار سىلەرمۇ كۆيۈپ تۈگەيتىڭلار. بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالغان سەمەت، ئەسلىي يۇرتىنى تاشلاپ C شەھىرىگە قېچىپ كېلىپ يوشۇرۇن ياشاۋاتقاندا ئازادلىق تېڭى ئاتقان. بىلەمسەن؟ سېنىڭ قېنىڭدا شۇ چاغدا قالغان ماخاۋ تاياقچە مىكروبى 40 نەچچە يىللىق يوشۇرۇن ھالىتىنى ئۆتكۈزۈپ، مانا بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنى كۆرسەتكەن. شۇنى بىلگىنكى، بىز سېنىڭ تەن ۋە قېنىڭدىكى ماخاۋ تاياقچە مىكروبىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ سېنى بۇ كېسەللىكتىن ئاستا - ئاستا ساقايتىمىز. ساڭا قايتا ھاياتلىق بېغىشلايمىز. بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز سېنى بۇ كېسەللىكتىن خالىي قىلىش. ھېلىمۇ ياخشى سەندىكى قان ۋە قېنىڭدىكى مىكروب باللىرىڭدا يوق ئىكەن. «توغرا، توغرا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ دوختۇر خەقنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، مەن ئوغلۇم بىلەن قىزىمنى ئاسرىۋالغان. بۇ ئىشنىمۇ مۇشۇ دوختۇرلار 〈 سېنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىڭ يوق ئىكەن 〉 دېگەندىن كېيىن، قىلغان. بولمىسا خوتۇنۇم ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ، ئۇنى قويۇۋەتكەن، تۇغمىغان باشقا خوتۇن ئالغان بولاتتىم. ئوغلۇم بىلەن قىزىم مېنىڭ پۇشتۇم بولمىغاندىن كېيىن، قانىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق. ھېلىقى مىكروبمۇ ئۇلارنىڭ قېنىدا بولمايدۇ - دە... مەنمۇ دادامنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس، ئاسرىۋالغان

بالىسىما ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . دادام ھاياتىنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىشىشىغا قارىماي مېنى ئاشۇ ئۇلۇغ ئوتتىن راستتىنلا قۇتقۇلدۇرۇۋالغان بولغىيمىدى ؟ بۇ راست ، چوقۇم راست ، بۇنى دوختۇرلارغا دادام دېگەن ، دوختۇر ئۆيدىكىلەرنىڭ — دادام ، خوتۇنۇم ، ئوغلۇم ۋە قىزىمنىڭ قېنىنى تەكشۈرگەن . مەن دادامنىڭ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ بېقىۋالغىنىنى نېمىشقا بىلـ ـمەيمەن ؟ بەلكىم كىچىك ، بەك كىچىك بولسام كېرەك . مېنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىم ئەسلىدىلا ناچار بولىدىغان ، تازا ئۇنتۇغاق ئىدىم . ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۇ مېنىڭ دادام ، ئەگەر بۇ قېتىم بۇ لەنىتي كېسەللىك مېنى يىقىتمىغان بولسا ، دادام بۇ سىرنى ماڭا دېمەي ئۆزى بىلەن بىرگە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەر ئىكەن . بۇلار مېنى قوغلاپ تۇتۇپ كەلدى . ئەمدى يەنە داۋالـ ـماقچى . راست ساقايتالارمۇ ؟ مېنى كىشىلەر يەنە 〈 ھاجى ئەپەندى 〉 ، 〈ھاجى باي 〉 ، 〈مىليونېر ھاجى 〉 دېيىشەرـ ـمۇ ؟ »

ئايروپىلانىنىڭ يەرگە قونۇشى ھاجىنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى . دوختۇرلار ئۇنى ھاجى لاگىرغا يېڭى كەلگەن چاغدا ياتقان ياتاققا ئېلىپ كىردى . ھاجى خۇددى داڭگالدەك دومىلاپ بېرىپ ياتاقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يېتىپ قالدى .

— ئاھ ، خۇدا ، — دېدى ئۇ نالە قىلىپ ، — مەن يەنە مۇشۇ يەرگە ، ئاشۇ رەھىمسىز دوختۇرلارنىڭ يېنىغا كەلدىم ، قاچقىنىم بىكار بولدى . ئۆلەي دەپمۇ ئۆلگىلى بولمىدى . ئادەمنىڭ جېنى ئۆز ئىلكىدە ئەمەس ئىكەن . يەنە قاچساممۇ تۇتۇپ كېلىدـ ـىكەن . ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇلارغا ، مۇشۇ دوختۇرلارغا بويسۇناي ، تەقدىرىمنى مۇشۇ دوختۇرلارنىڭ قولىغا تاپشۇراي . كىم بىلىدۇ ؟ ساقىيىپ قالامدىمەن تېخى ! ئاھ ، خۇدا ئۆزۈڭگە قويدۇم .

داۋالاش يەنە باشلاندى. نېمە ئۈچۈنكىن بۇ نۆۋەت دوختۇرلار خېلى مۇلايىملىشىپ قالغان ئىدى. ھاجى ئىلاجسىزلىق، ئاجىزلىق ئىچىدە ھاياتقا ئۈمىد باغلىدى، ياشاشقا نىيەت قىلدى. «دوختۇرلار مېنىڭ قان ۋە تېنىمدىكى ماخاۋ مىكروبىنى راستتىنلا يوقىتالارمۇ؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئامالى باردۇر، بولمىسا مېنى ئاتايىن ئايروپىلان بىلەن قوغلاپ تۇتۇپ كېلەرمىدى. ناۋادا مەن ساقىيىپ قالسام، بۇ يەرگە پۇل ئىئانە قىلىمەن، ئۆزۈم قول سېلىپ، باش بولۇپ بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلايمەن، ئۆيلىرىنى يېڭىلايمەن، كېسەللەرنىڭ تاماقىنى ياخشىلايمەن، دوختۇرلارغا تون كىيدۈرىمەن، يەنە، يەنە دوختۇرلارغا يىلدا بىر قېتىم تارقىتىدىغان مۇكاپات تەسىس قىلىمەن. يەنە، يەنە ... »

ھاجىنىڭ بۇ لاگېرغا قايتا كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. بىر كۈنى مەسئۇل دوختۇر ئۇنى مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ يۇيۇنۇۋېتىپ بەدەنلىرىگە زەن سالدى ـ دە، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بەدەنلىرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، تېرىلىرى خېلى ئوبدانلا سىلىقلىشىپ قالغان ئىدى. تېرىسىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قان ـ زەرداپلار توختىغان ئىدى.

ئەتىسى مەسئۇل دوختۇر ئۇنىڭ بەدىنىگە دورا سۈركەۋېتىپ تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلدى. «بۇ راستتىنلا ھاجىمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟» دەيتتى دوختۇر ئۆز ـ ئۆزىگە. ئەجەب ھە، ئۇنىڭ بەدەنلىرىدە بولغان ئۆزگىرىش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغۇ؟

دوختۇر كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى سىرتقا چىقارمىدى. چۈنكى، ئۇ تېخىچە ئۆز پەرىزىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇ مۇنداق كېسەللەردىن بىرمۇنچىنى داۋالىغان، بەزى كېسەللەردە مۇشۇنداق ئازراق ئۆزگىرىش بولۇپلا ئەسلى

هالىتىگە قايتىش بولغان، «ۋاھ، ساقىيىپ قالىدىغان بولدى» دېگەن ئۈمىدلىرى يوققا چىققان ئىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە قاراپ بې-قىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ھاجىنغا «بۈگۈن مۈنچىدا يەنە بىر قېتىم يۇيۇنۇۋال، ئېسىڭدە بولسۇن، كەچقۇرۇن چوقۇم يۇيۇنۇپ يات» دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەسئۇل دوختۇر ھاجىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ بىر كېچىدە ئۇنىڭ بەدەنلىرىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران قالدى.

— سەن ئاپتاپتا ئوبدان قاقلىنىپ تۇر، — دەپ بۇيرۇق بەردى دوختۇر ھاجىنغا ۋە ئالدىرىغان ھالدا ماخاۋ كېسەللىكىنى داۋالاش بويىچە مۇشۇ لاگىر، ھەتتا بۇ شەھەردە داڭ چىقارغان پروفېسسور ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەھۋال تونۇشتۇردى.

ئابدۇقادىر ئەپەندى ھاجىنىڭ بەدىنىگە قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. گەرچە ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ماخاۋ كېسەللىكىنى داۋالاش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەردىن مۇنداق تېز ساقىيىپ كەتكەنلىرىدىن تېخىچە بىرەرسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. بۇ بىر مۆجىزە، بىگى كەشپىيات ئىدى.

— ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدى ئابدۇقادىر ئەپەندى ھاجىنىڭ تېرىسىدىن ئالغان ئەۋرىشكە، قان ۋە ئىسپىر-مىنى قايتا - قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن، ياردەمچىسىگە، — مەن ئۆزۈمگە، ئۆز كۆزۈمگە زادىلا ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن، ھا-جىدا نەدىمۇ ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى بولسۇن! ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشلەردە ئۇنىڭدا ماخاۋ كېسەللىكىدىن سىرت پەرزەنت كۆرۈلمەسلىك ئاجىزلىقىمۇ كۆرۈلگەن ئىدى، مان

ئەمدى ئۇ ماخاۋ كېسەللىكىدىن ساقىيىش بىلەنلا قالماي، يەنە پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىمۇ ئەسلىگە كەپتۇ. بۇ بىر مۆجىزاتقۇ ئاخىر.

— راست، بۇ لاگىرىمىز ئۈچۈن زور خۇشاللىق، — دېدى پروفېسسورنىڭ ياردەمچىسى.

ئابدۇقادىر ئەپەندى ئەتراپلىق ئويلىنىشقا باشلىدى: «هازىر ئىلىم - پەن دۇنياسىدا ماخاۋ كېسەللىكىنى داۋالاش ئۈچۈن ياسالغان دورىلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق تېز ئۈنۈم بەرگەن ئەمەس. بۇ، زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىز ھاجىغا ئالاھىدە دورا ئىشلەتمىدۇق، باشقا كېسەللەرگە ئىشلەتكەننى ئىشلەتتۇق، باشقا كېسەللەردە مۇنداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، ھاجىدا بۇنچە تېز ... ئىلگىرى مۇنداق كېسەللەر بۇ لاگىردا ئاز دېگەندە بىر يىل ياكى يېرىم يىل داۋالىناتتى. بىز ئىشلەتكەن ۋە ئىشلىتىۋاتقان دورىلارنىڭ تەسىرى شۇنچە ئاستا ئىدى. لاگىردىن چىققاندىن كېيىنمۇ بەش - ئالتە يىلغىچە ئۇزمەي دورا - ئوكۇل ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. بۇ ھاجى دېگەن بىمارنىڭ شۇنچە تېز ساقىيىشىدا چوقۇم بىر سىر بار. ھاجى ئاشۇ قۇملۇقتا قېچىپ يۈرگەن چاغدا، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانمۇيا! شۇنداق، شۇنداق. ئۇ، نامەلۇم ئاسمان جىسىمىنىڭ تەسىرىگە ياكى ئۇچار تەخسە دېگەنلەرنىڭ بۇ ئالەمدە لەيلەپ يۈرگەن رېئاكتىپ نۇرىغا دۇچ كەلگەن. يا بولمىسا ئۇ ئاشۇ جەزىرىدە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا پايلىماي بىرەر گىياھقا ئېغىز تېگىپ قالغان. شۇنى قەتئىي مۇقىملاشتۇرۇش كېرەككى، ئۇ لاگىردا تۇرغان مەزگىللەردە بىز ئىشلەتكەن ھەرقانداق دورا - ئوكۇللار بۇنداق كارامەتلىك ئەمەس». پروفېسسور ئابدۇقادىر ئەپەندى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ ھېچ تېگىگە يېتەلمەي ئاخىر بىمارنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى.

— ئىنىم ھاجى، مەن سورىغان سوئاللارغا ئەينەن جاۋاب بېرىڭ، بۇ مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، — دېدى ئابدۇقادىر دوختۇر ھاجىغا.

— سوراڭ، سوراۋېرىڭ، — رازىلىق بىلدۈردى ھاجى.

— سىز قۇملۇقتا قېچىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇ يەردە قانداق نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشتىڭىز، — دېدى ئابدۇقادىر دوختۇر ھاجىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، — نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ مەسىلەن، نامەلۇم بىرەر جىسىمدىن چېچىلغان نۇرغا ئۇخشاش... نېمە يەپ، نېمە ئىچتىڭىز؟ مەسىلەن، قانداق گىياھ، قانداق سۇ، بۇلارنى بىزگە دەپ بەرسىڭىز؟ بۇ ئىشنىڭ ھەممىمىزگە پايدىسى بار، ئىنىم سىزگە راست گەپنى دېسەم، سىز ساقايدىڭىز. سىزدىكى ئۆزگىرىش ۋە مۇنداق تېز ساقىيىش تاشقى ۋە ئىچكى ئامىلنىڭ بىرلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سىز تەلتۆكۈس ساقايدىڭىز، بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. شۇڭا سىز بىزگە ئاشۇ چۆلدە يېگەن ياكى ئىچكەن نەرسىلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، بۇ ئامەتتىن باشقىلارمۇ بەھرە ئالسا.

— مەن راستتىنلا ساقايدىممۇ؟ — دېدى ھاجى ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي.

— كېسىپ ئېيتىمەنكى، سىز ساقايدىڭىز! ئەمما...

— ئەمما، يەنە ئازراق چالىسى بار دېمەكچىما؟

— ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئاشۇ چۆلدە...

— مەن ساقىيىپتىمەن. مەن راستتىنلا ساقىيىپتىمەن، — ھاجى دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ لاگىرنىڭ ھويلىسىنى يۈگۈرۈپ ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەرەز كېسەللىكتىن ساقايغانلىقىنى نامايىش قىلدى. ئابدۇقادىر دوختۇر قاتارلىق «ئاق خالاتلىق پەرىشتە»لەرمۇ ھاجىنىڭ بۇ چەكسىز شادلىقىغا ئورتاقلاشتى، مەمنۇن بولۇشتى. ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان باشقا بى-

مارلار ھاجىغا ھەۋىسى كېلىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى ۋە :
— ئاللا ئىگەم ، بىزمۇ ھاجىغا ئوخشاش بەندەڭغۇ ، بىزگىمۇ ئىچ ئاغرىتقىن ، بىزگىمۇ شىپالىق بەرگىن ، — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ نالە قىلدى ، — ئارقىدىنلا ھاجىغا قاراپ :
— ھاجى سەن قانداق قىلىپ بۇ كېسەللىكتىن شۇنچە تېز قۇتۇلدۇڭ . بۇ سىرنى بىزگىمۇ ئېيتىپ بەرگىن ؟! بىزمۇ ئامان قالايلى ... دېدى .
بىراق تەقدىرداشلارنىڭ بۇ نالە ـ پەريادى ، قانلىق كۆز يېشى ھاجىغا زادىلا تەسىر قىلمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى تۈنۈگۈنكى بىچارىلىقىنى ئۇنتۇپ ، ھايات ـ مامات ئارىلىدا جان تالىشىۋاتقان بۇ كېسەللەردىن نەپرەتلەنمەكتە ، ئۇلارنى مازاق قىلىپ كۈلمەكتە ئىدى . بۇ ئىشتىن ھەم غەزەپلەنگەن ، ھەم تىت ـ تىت بولغان ئابدۇقادىر ئەپەندى كۆز يېشى قىلىۋاتقان كېسەللەرگە تەسەللى بېرىپ :
— خاتىرجەم بولۇڭلار ، ھاجىدىكى كېسەللىك مۇشۇ لاگىردا ، بىزنىڭ قولىمىزدا شىپا تاپتى ، سىلەرمۇ ئانچە ئۇزاققا قالماي كېسەللىكتىن خالاس بولىسىلەر ، — دېدى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ .
— ئەپەندىم توغرا ئېيتىدۇ ، — دېدى ھاجىنى داۋالىغان مەسئۇل دوختۇر ، — سىلەرنىڭ كېسەللىكتىن خالاس بولۇشۇڭلارغا ئاز قالدى .
— ئىنىم ھاجى سىز ساقايدىڭىز ، لېكىن باشقىلار يەنە كېسەللىك ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ ، — دېدى ئابدۇقادىر ئەپەندى ھاجىنى يەنە ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن ، — بۇ سەۋەبلىك ئالەم ، ھەر ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ . سىز بىزگە دورىدىن باشقا بىرنەرسە بىلەن ئۇچراشقان ياكى ئۆزىڭىچە بىر نەرسىنى ئىستېمال قىلغان . سىز شۇ نەرسىنى

بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز، بۇ يەردىكى باشقا كېسەللەرمۇ سىزگە ئوخشاش بەختتىن بەھرىمان بولسۇن.

ھاجى جاۋاب بەرمەستىن خىيال قىلىشقا باشلىدى.

«راست، ماڭا نېمە پايدا قىلدى، مەن نېمە بىلەن ئۆچراشتىم، نېمە يېدىم. قۇملۇقتا كۆرگەن، يولۇقتۇرغانلىرىم بىلەن بۇ ئىش باغلىنىشلىقمۇ ـ يوق؟ ئەجدادىم ئېتىقاد قىلغان بۇت، ئىلاھىي بۆرە، بۇ بۆرە باشلاپ بارغان، ئەتراپىدا قورقونچلۇق يىلانلار كۈشۈلداپ تۇرغان بۇلاق... ھە، راست، مەن ئاشۇ كۆك بۆرىگە ئەگىشىپ بېرىپ ئاشۇ بۇلاقنى يولۇقتۇرغان، بۇلاق سۈيىنى قېنىپ ـ قېنىپ ئىچكەن، يۇيۇنغان، لاي ـ لەشلىرىنى خۇدۇمنى بىلمەي يېگەن. توغرا، توغرا، ماڭا ئاشۇ بۇلاق سۈيى شىپا بولغان. مەن ئاشۇ بۆرىگە يولۇقمىغان بولسام، ئەگىشىپ ماڭمىغان بولسام، بۇلاقنى يولۇقتۇرمىغان، ئۇنىڭدىكى شىپالىق سۇغا چۆمۈلمىگەن بولسام، مانا بۈگۈن شىپا تاپمىغان بولاتتىم. ماڭا شىپالىق، يېڭى ھايات بەخش ئەتكىنى ئاشۇ شىپالىق بۇلاق، ئەمدى بۇ گەپلەرنى بۇ قاپاق باش دوختۇرلارغا ئېيتىپ بېرىمەنما؟ ئەمدى مەن ساقايدىم، ماڭا يەنە پۇل كېرەك، مال دۇنيا كېرەك. ئېيتىپ بەرسەم ماڭا نېمە پايدىسى، ئادەم دېگەن ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەگەر ئېيتىپ بەرسەم، بۇلار كېسەللىككە گىرىپتار بولغان باشقا كېسەللەرنى ئايروپىلان بىلەن ئاشۇ بۇلاققا ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇرۇپ ساقايتىدۇ، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى، ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇ سىرنى مەخپىي تۇتۇپ، بۇ لاگىردىن چىققاندىن كېيىن ئۆزۈم «ماخاۋ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئورنى» قۇرۇپ، ئاشۇ بۇلاق سۈيىنى ئىشلىتىپ پۇل تاپىمدىمەن. توغرا، شۇنداق قىلىشىم كېرەك، مىليون ـ مىليونلاپ پۇل يەنە مېنىڭ يانچۇقۇمغا كىرمەمدۇ؟ بۇ دېگەن رىقابەت دەۋرى، ‹ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا ئېيتما›

دەپتىكەن . بۇ نامرات ئەپەندىم ، بۇ قاپاق باش دوختۇرلارغا ئېيتىپ بېرەمتىم ، بۇلار مېنى ئەخمەق كۆرۈپتۇ - دە »

ئادەم دېگەن تولىمۇ ئۆزگىرىشچان مەخلۇق . ھاجى ماخاۋ كېسەللىكىدىن ساقايسا ، بۇ لاگىرنى يېڭىلايدىغان ، ياتاقلىرىنى قايتىدىن سالىدىغان ، مۇھىتنى ئۆزگەرتىدىغان ، دوختۇرلارغا تون كىيدۈرىدىغان ، ھەتتا يىلدا بىر قېتىم تارقىتىدىغان مۇكاپات تەسىس قىلىپ ، يەنە ، يەنە ... نۇرغۇن ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغان بولغان ئەمەسمىدى ؟ قېنى ئۇنىڭ ۋەدىسى ، قېنى ئۇنىڭ ياخشى نىيەت ، ياخشى كۆڭلى ، ئۇ ساقىيىۋېلىپلا بۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى . ئادەملەردىكى ئىنساپ - دىيانەت ، كۆيۈنۈش ، ئۆزئارا مېھرىبانلىق دېگەنلەر نەگە كەتتى ، ئادەملەر شۇنچە قىزىل كۆز بولۇپ كەتكەنمىدۇ ؟

بۇگۈن « ھاجى ساقايدى » دەپ دىئاگنوز قويۇلغىنىغا ئالتە كۈن بولغان بولسىمۇ ، دوختۇرلار ئۇنى تېخىچە لاگىردىن چىقارمىغان ئىدى . ئابدۇقادىر ئەپەندى ئۇنى ئاشۇ « سىر »نى بۇگۈن بولمىسا ئەتە ئېيتىپ بېرىدۇ ، تېخى ئېسىگە ئالالمايۋاتسا كېرەك ، — دەپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ ھاجىنىڭ « ئالا كۆڭۈل »نى تېخى بىلمىگەچكە ، ئۇنىڭغا « توختاپ تۇرۇڭ ، دىئاگنوزنى مۇقىملاشتۇرايلى » دەپ كەلگەن ئىدى . ھاجى ھەممىنى ئۇنتۇغان بولۇپ تولىمۇ خۇشال ئىدى . توۋا ، خۇشاللىق ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرامدىغاندۇ ؟

مۇشۇ كۈنلەردە ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پاراكەندە بولۇپ ، ھەسرەتلىك تىناتتى . يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر نەرسە سىقىپ ئازابلايتتى . ھاجىدىن ئاشۇ « سىر »نى سوراپ بىلىۋېلىشنى ئويلايتتى . ئابدۇقادىر ئەپەندى بۇ كېچىمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى .

ئەتىسىگەن ، كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگەن چاغ . لاگىرنىڭ

چوڭ دەرۋازىسىدىن ئالبي دەرىجىلىك ئۈچ كىچىك ماشىنا توپا توزىتىپ كىرگەنچە كېسەلخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا كېلىپ توختىدى . ماشىنىنىڭ بىرسىدىن C شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ھاپىز ۋە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شاكىر ، مەخسۇت ئىمام ، ئىبراھىم دوختۇر ؛ يەنە بىرسىدىن ھاجىنىڭ دادىسى سەمەت ئاخۇن ، ھاجىنىڭ خوتۇنى ھەمرا خېنىم ، قىزى راھىلە ۋە ئوغلى زۇنۇن چۈشتى . يەنە بىر ماشىنىدا شوپۇردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دەستىدىن گۈل كۆتۈرۈۋالغان ئىدى . ھاجى ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ چىقتى .

— مانا ، مانا مەن قەدىردانلىرىم ، سىلەر مېنىڭ ساقايغانلىقىم توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇقۇپسىلەر - دە ، قانداق ئۇقتۇڭلار ؟

— مۇشۇ يەردىن تېلېگرامما باردى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە قاراپ چاپتۇق .

شەھەر باشلىقلىرى ، سەمەت ئاخۇن ، مەخسۇت ئىماملار ھاجى بىلەن قەدىردانلارچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، ئۇنى تەبرىكلىدى . ئوغلى ، قىزى ھاجى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشتى ، ھەمرا خېنىم ھاجىنىڭ بوينىغا بىر ھازا گىرە سېلىپ تۇرۇۋالدى ۋە خۇشاللىقىدىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى . شۇ ئارىدا بۇ مەيدانغا يېتىپ كەلگەن ئابدۇقادىر ئەپەندىمۇ ھاجىنىڭ دوستلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تەڭ خۇشال بولدىيۇ ، تولىمۇ ھەيران قالدى . ئۇ : « كىم تېلېگراممىا بېرىپ بۇلارنى چاقىرتقاندۇ ؟ مېنىڭ ياردەمچىممۇ ، ھاجىنى داۋالىغان باش دوختۇرمۇيا ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى . دېگەندەك بۇ تېلېگراممىنى ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى بەرگەن ئىدى . شۇ ئەسنادا ياردەمچى دوختۇر بۇ

مەيدانىدا پەيدا بولدى. ئۇ نەق مەيداندىلا ھاجىغا: «ھاجى، بۇ تېلېگراممىنى مەن بەرگەن، تۇغقانلىرىڭنى مەن چاقىرتقان، ماڭا ئەمدى سۆيۈنچە بېرەرسەن» دېمەكچى بولدىيۇ، نومۇس كۈچىدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجى تېلېگراممىنى بەرگۈچىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈرمىدى. ھاجى ئۈچۈن بۇ كىچىك ئىش ئىدى.

— سىز ساقايدىڭىز، يەنە، يەنە بىر گە ياشايدىغان، بۇ ئالەمنىڭ راھەت - پاراغەتلىرىدىن بىر گە ھوزۇرلىنىدىغان بولدۇق، — دېدى شەھەر باشلىقى ھاپىز خۇشامەت تەلەپپۇزىدا، — ئەسلىدە سىزنى خېلى بۇرۇنلا يوقلاپ كېلىش نىيىتىم بار ئىدى. لېكىن سىزگە مەلۇم، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، بۈگۈن - ئەتە باراي دەپ تۇرسام دادىڭىز «ساقايدى» دېگەن تېلېگراممىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇڭا ئالدىراپلا كەلدۇق، بىز ئۈچۈن ئامەت، بەخت دېگەن مۇشۇ.

— مەنمۇ سىلەرنى سېغىنغان، — دېدى ھاجى ھاياجانلىنىپ، — بەك سېغىنغان.

— بۇ كاستۇم - بۇرۇلكىنى كىيىۋېلىڭ، — دېدى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شاكىر، — تېز بولۇڭ، بۇ جەندىلەرنى سېلىۋېتىڭ، — ئۇ ھاجىنىڭ ئۈچىسىدىكى «بىمارلار كىيىمى» نى كۆرسىتىپ، — بۇ يەردىن تېز كېتەيلى.

— قېنى ماڭايلى، — دېدى ھاپىز، — ھاجى سىز كىيىم يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن ھەمرا خېنىم بىلەن مېنىڭ ماشىنامدا ئولتۇرۇڭ، بىز ئاۋۇ ماشىنىغا چىقايلى، مەن بۇ ماشىنامنى سىز ئۈچۈنلا ئېلىپ كەلگەن، — ھاپىز ھاجىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماشىنىغا چىقاردى.

ھەمرا خېنىم ھاجىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇن بوش ئىدى. ئىبراھىم دوختۇر بۇ

ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى :
— ھاجى ، مەن سىزنىڭ دوختۇرىڭىز ، يولدا سالامەتلىكىڭىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك . بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى .
— بوپتۇ ئەمىسە ، ماڭايلى ، قېنى ، شوپۇر ئۇستام يول ئالسىلا ، — دېدى ھاجى ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان دوختۇر ۋە سېستىرالارغا « خوش » دەپ قويۇشقىمۇ رايى بارماي .
— ھاجى ئىنىم ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، — يالۋۇردى ئابدۇقادىر ئەپەندى پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، ھاجىغا تەلمۈرۈپ ، — ھېلىقى سوئالغا بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرىۋېتىپ مېڭىڭ ، سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي .
— ھۆرمەتلىك دوختۇر ، بولدى قىلىڭ ، — دېدى ھاجى مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن ، — تولا كاللامنى ئېلەشتۈرمەڭ ، كەيپىمنى بۇزماڭ . مەن ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەس . بۇ لەنىتى جايدىن پاتراق كەتكىلى قويۇڭ .
ھاجى ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى «جاق» قىلىپ ياپتى - دە ، « ئۇستام مېڭىڭ » دەپ توۋلىدى .
ھاجى ئولتۇرغان پىكاپ لاگىر دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى ، ئابدۇقادىر ئەپەندى دىلى ئازار يېگەن ، كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا ، لاگىر دەرۋازىسىدىن ئارقىمۇئارقا چىقىپ كېتىۋاتقان ئالىي پىكاپلارغا قارىغىنىچە جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ ، — ئۆز - ئۆزىگە دېدى : « خەپ سېنى ھاجى ، سېنىڭ مۇشۇ قىلغىنىڭغا ... ماقۇل ، سەن كېتىۋەر ، سەن كەتكەن بىلەن ساڭا قويۇلغان دىئاگنوز ، سېنىڭ قان تىپىڭ ، قېنىڭدىن ئالغان ئەۋرىشكە مېنىڭ قولۇمدا . سېنىڭ قان تومۇرۇڭ ۋە تېنىڭدىكى ماخاۋ مىكروبىنى كۆيدۈرۈپ

تاشلىغان ، پاك ـ پاكىز تازىلىغان شىپالىق دورا ، ئاشۇ شىپالىق نەرسە ھەرگىز سىنىڭ ئۆزۈڭدە ئەمەس ، ئۇ مۇشۇ ئانا تۇپراقتا . مۇشۇ تۇپراق قوينىدا . مەن ئۇنى چوقۇم تاپالايمەن . سەن كىرگەن ، سەن ماڭغان قۇملۇقتا كىرىمەن ، ئىز ئىزدەيمەن ، تەكشۈرىمەن ، تەتقىق قىلىمەن . ئاخىر شۇ شىپالىق نەرسىنى تاپىمەن ، ئاشۇ سىرنى يېشىمەن ، سېنى تۇتۇپ كېلىشكە ياردەملەشكەن ھاۋا ئارمىيە جەڭچىلىرى ھېلىقى ئايروپىلاننى يەنە ياردەمگە بېرىدۇ ، نىشاننى پەرق ئېتىۋېلىپ پىيادە مېڭىپ ياكى تۆگە مىنىپ بولسىمۇ ئاشۇ شىپالىق نەرسىنى تاپىمەن ، ساڭا ئىللىق چىراي ئاچقان ، ساڭا شىپالىق دورا ھەدىيە قىلغان تۇپراق مېنىمۇ نائۇمىدتە قويمايدۇ ، ئاشۇ شىپالىق نەرسىنى مەندىنمۇ ئايىمايدۇ . چۈنكى بۇ تۇپراق ھەممىمىزنىڭ مېھرىبان ئانىسى ... ! »

1990 ـ يىل 4 ـ ئاي ، ئاقتۇ

# قارلىق تاغدا

## يولدا

تاغ باغرىنى بويلاپ كەتكەن يىلان باغرى تاشيولدا كېتىۋاتقىنىمىزغا تۆت سائەتتىن ئاشتى. ئۈستىگە سېرىق بىرېزىنت يېپىلغان ھەربىي ماشىنا ئارقىسىدا قويۇق چاڭ - توپىلارنى قالدۇرۇپ تېز كېتىۋاتاتتى، ماشىنا ئېگىزلىككە ئۆرلىگەنسېرى، ماتوردىن بىر خىل بوم، تىترەك ئاۋاز چىقماقتا ئىدى.

چوڭلىرىمىز 20 ياشقا، كىچىكلىرىمىز ئەمدىلا 18 ياشقا تولغان، ھەر مىللەتتىن بولغان 20 نەچچە جەڭچى ماشىنا ئۈستىدە سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم ياڭراق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىساق، بىردەم ئۆزئارا چاقچاقلىشاتتۇق. ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىمىزنىڭ ئاھاڭى بىلەن ئۆزئارا چاقچاقلىرىمىزنىڭ ئورامىغا ئەندىكىش، ئەنسىرەش ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئادەملەر ھەرقانداق چاغدا ئۆزى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ. بۈگۈن بىز — 20 نەچچە يېڭى جەڭچى ئەزىز يۇرتىمىز، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش، تونۇش - بىلىش، يار - دوستلىرىمىزدىن ئايرىلىپ يېڭى ماكان، يېڭى بىر تۇرمۇشقا قەدەم تاشلاۋاتىمىز. «بىز بارىدىغان يەر قانداقراق يەردۇ؟ چۆلمىدۇ، ئاۋاتمىدۇ؟ تاغ بولغاندا قانداقراق تاغدۇ؟ ياپيېشىل

ئارچا قىرىغاي، گۈل - گىياھلارغا ئورالغان گۈزەل تاغلارنىڭ باغرىمدۇ ياكى ھەر كۈنى قار - شىۋىرغان، ھۆۋۈلاپ تۇرىدىغان، كۆك مۇز، ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغلارنىڭ باغرىمدۇ؟»
مەن بۇلارنى ئالدىن قىياس قىلىپ بىلىشكە تىرىشاتتىم. بارىدىغان گازارمىنىڭ ئاۋات يەردە — ھاۋاسى ئوبدان، گۈل - گىياھلىق، ياپيېشىل قارىغايلىق تاغنىڭ باغرىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەڭ ياخشىسى يېقىن يەردە پوچتىخانا بولسىكەن دەيتتىم. مۇنداق بولغاندا ئانام بىلەن پات - پات خەت ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغۇلاتتى، گېزىت - ژۇرناللارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرەلەيتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، قاتنىشى قۇلايلىق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۆيۈمدە بىرەر خەۋپلىك ئەھۋال يۈز بېرىپ قال-سىمۇ، بىرەر جىددىي كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ قالسامۇ شەھەردىكى دوختۇرخانىلارغا بېرىشقا ئوڭايلىق بولاتتى...
مەن ماشىنا ئۈستىگە يېپىلغان سېرىق برېزېنتنى قايرىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇتقا باش تىرەپ تۇرغان ھەرەجىشلىق، ئۇچما چوققىلىق ئېگىز تاغلارغا، تاغنىڭ باغرىغا نەزەر سالدىم. سول تەرەپتە چوڭقۇر ھاڭ، تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئوخچۇپ، بۇژغۇن چاچرىتىپ ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى. دەرياغا كۆز تاشلىغىنىمدا تەنلىرىم ئىخ-تىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. نېمىدېگەن خەتەرلىك يول بۇ؟ ئەگەر شوپۇر سەللابىخەستەلىك قىلىدىغان بولسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئادەم ئۆزىنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوقكەن. ماشىنا بىردەم ئىگىشىپ - كۆ-چىنىپ ئېگىزگە چىقسا، بىردەم غۇرقىراپ پەسكە شۇڭغۇيتتى. دەريا قىرغىقىدىكى ھاڭنىڭ ئۈستىدە تۈگمەس ئايلانمىلارنى ئاي-لىنىپ، يىلانغا ئوخشاش تولغىنىپ ماڭاتتى. مەن دەريادىن كۆزۈمنى ئېلىپ ئۇ قاتتىكى تاغلارغا نەزەر سالدىم. تاغنىڭ بېلى

ۋە باغرىلىرىدا يىراق ئۆتمۈش زامانىنىڭ يادىكارلىقلىرى ۋە شاھىدى بولۇپ ئەسلىي ھالىتىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ساقلاپ قالغان تار، خەتەرلىك ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللارنىڭ ئىزناسى ئۇ يەر، بۇيەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىلگىرى بۇ يولنىڭ 1958 - يىللاردا ياسالغانلىقىنى ئاڭلىغان. ئەگەر بۇ يول ياسالمىغان بولسا بىز بۈگۈنكىدەك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ماڭالماي، يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى يۈدۈپ، ئاشۇ تاغ باغرىدىكى يىلان باغرى يولدا پىيادە ماڭاتتۇقمىكىن؟ ياق، ئۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياسىلار ئىدى، لېكىن ئەجدادلىرىمىز تاكى 1958 - يىلىغىچە مۇشۇ يولدا ماڭغان. سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. يولنىڭ خەتىرى، جاپاسى ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمىگەن. بۇ يولدا قانچىلىغان سودىگەرلەر ماللىرىدىن، ھەتتا جانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ھەجگە ماڭغان قانچىلىغان ئادەم مۇشۇ يولدا خەتەرگە ئۇچراپ ئارمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ.

ماشىنا ئاستا ماڭماقتا، يول ئېگىزلىمەكتە. ئۈستىنى قاپقارا تۇمان قاپلىغان قارلىق تاغلار يىراقتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «بىز بارىدىغان گازارما زادى قەيەردە، قايسى تاغنىڭ باغرىدىدۇ؟»

بۈگۈن سەھەردە ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، تۇەنجاڭ لاۋلى بىزنىڭ ئاقتاش مۇدايىئە ساقچىخانىسىغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرغان چاغدا سەبداشلىرىم قاتارىدا ئۆز ئىسمىمنى ئاڭلاپ يا خۇشال بولۇشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم. مەن يىگى ئەسكەرلەر لىيەنىدە مەشقتە بىرىنچى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشۋىقات ئىشلىرىدا كوماندىرغا ياردەملىشەتتىم، خېتىم چىرايلىق ئىدى. پەيجاڭ ماڭا « جاسارەت ئەقلى - ھوشۇڭ جايىدا جۇمۇ سېنىڭ، خېتىڭ چىرايلىق، تارماق ئەترەت قوماندانلىق شتابىغا بىر ئالاقىچى لازىم

ئىكەن. مەن سىنى چوقۇم مۇشۇ يەردە قالسۇن دەيمەن. يا ئالا-
قىچى بولارسەن، يا خەت ئۇرغۇچى بولۇپ قالارسەن» دېگەن
ئىدى. ئۇ بۇ گەپنى باشلىققا دېمىگەنمۇ، دېگەن بولسا بىزنىڭ
قوماندانلىق شتابىنىڭ مەندەك ئادەمگە ئېھتىياجى يوقمۇ ۋە ياكى
پەيجاڭ شۇنداق دەپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ قويغانمۇ،
بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. مەن گازارمىغا تەقسىم قىلىندىم.

كېيىن ۋاتىمىز، مەنزىل تېخىچە كۆرۈنمەيدۇ، ھېلىقى
ئاقتاش ساقچىخانا دېگىنى قايسى دەريا، قايسى كۆل ياقىسىدا،
قايسى تاغنىڭ باغرىدۇ؟ ئۇزۇن يولدا سىلكىنىشتىن ھارغىنلىق
يەتتىمۇ ياكى ئېگىز تاغ ھاۋاسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ بەزىلەرنىڭ
كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن، بەزىلەر ئاپتوماتلىرىنىڭ پايىنكىنى
ئىڭىكىگە يۆلەپ جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال دەرياسىغا غەرق بول-
غان، باياتىنقى جۇشقۇنلۇقنىڭ ئورنىنى خۇددى توختام سۇدەك
جىمجىتلىق ئىگىلىگەن ئىدى.

مانا مەن ئەسكەر بولدۇم، ماش رەڭ ھەربىي كىيىم ئۇ-
چامغا چىقتى. بۇ يېڭى تۇرمۇش، ھاياتىنىڭ بىر يېڭى
سەھىپىسى. مەن يېڭى بىر يولغا قەدەم قويدۇم، مېنى بۇ يولدا
قانداق ئىشلار، قانداق شادلىق، قانداق قايغۇ، قانداق تەقدىر
كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ شۇ تاپتا يەنە ئىلگىرىكى بەزىبىر ئىشلار كۆز
ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تىل - ئەدەبىيات
دەرسىنى ياخشى كۆرەتتىم، كۆڭلۈمگە يازغۇچى بولۇشنى پۈك-
كەن، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىمۇ مېنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى.
مېنى ئىلھاملاندۇراتتى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھېكايە ۋە
شېئىر توپلاملىرىنى، رومانلارنى داۋاملىق كۆرەتتىم. ھەربىر
يەكشەنبىنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا
ئۆتكۈزەتتىم، شېئىرلارنى يادلايتتىم، ھېكايە، رومانلار، پو-

ۋېستىلار ئۈستىدە پىكىر ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتىم. مۇنداق ھەۋەسنىڭ مەندە قاچانلاردا، نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئۆزۈمگىمۇ نامەلۇم ئىدى. داۋاملىق ئۆز - ئۆزۈمگە «جاسارەت، سەن كەلگۈسىدە ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ خەلققە تەقدىم قىلالارسەنمۇ؟ تىرىش، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دەپ مەدەت بېرەتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن ئەسىرىنى كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىۋېتىپ شۇنداق دېدى: «مانا، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مىللىتىمىز ئىچىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكىگە ئوخشاش ئاتاقلىق ئالىملار چىققان، بىز ھازىر ئۇلارنى ماختاۋاتىمىز. مۇشۇلارنىڭ نامى بىلەن ئۆزىمىزنى قالتىس ھېسابلاۋاتىمىز. بۇ تارىخ، لېكىن ئۆتكەنكى تارىخ، ئۇلارغۇ بىزگە مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ھازىرقى ياشلار — سىلەر كەلگۈسىگە نېمە قالدۇرىسىلەر؟ بىز كۈنلىرىمىزنى قەدىمكىلەرنى ماختاش بىلەنلا ئۆتكۈزەمدۇق؟ پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە 200 نەچچە يىل ئۆتتى، ھازىرقى دۇنيا ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. مانا مۇشۇ 200 نەچچە يىل داۋامىدا بىزنىڭ مىللىتىمىز نېمىنى كەشىپ قىلدى»، ئوقۇتقۇچى بىزگە تەكشى كۆز تاشلىدى. «بىزنىڭ مىللىتىمىز نېمىنى كەشىپ قىلدى؟» بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى. «بىزنىڭ ئالىملىرىمىز نېمە ئىش قىلدى؟ باشقىلار نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلدى، ئالغا باستى؟ بىزچۇ؟ بىزدە ئېغىز ئالغۇدەك نېمە بار؟ ھەتتا سەرەڭگىچىلىك بىر نەرسە كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قىلماپتۇق، ئەگەر دۇنيادىكى مىللەتلەر ئۆز كەشپىياتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالەمنى ئايلىنىپ نامايىش

قىلىسا، بىز قاتاردىن قالىدىكەنمىز. ئۇنداق نامايىشلارغا كىم قوزغۇلۇق قول قاتنىشالايدۇ؟ بىزدە نېمە ئۈچۈن لۇتۇن بار، نيۇتون يوق؟ نېمە ئۈچۈن زەلىلى بار، گالىلىي يوق؟ ساۋاقداشلار تىرىشايلى، ياشلىقتا ئىلىم - بىلىم ئۆگىنەيلى، ئىلىم بىلەن پاراسەتنى بىرلەشتۈرەيلى. تارىخ ئۈستىدە، تارىخىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنايلى». مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە دەرسلەرگە قىزىقتىم. «باشقىلاردىن ئىدىسۇن، ئېينىشتېينغە ئوخشاش ئالەمگە مەشھۇر كەشپىياتچى؛ تولستوي، پۇشكىنغا ئوخشاش يازغۇچى، شائىرلار چىققان يەردە بىزدىن چىقماسمۇ؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم. مانا شۇنداق ئارزۇ، مانا شۇنداق ھەۋەسلەر بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئېلىش باشلاندى. ئارزۇيۇم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ياكى فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇش، مۇشۇ ئىككى پەندە ئاز - تولا ئارتۇقچىلىقىم بار ئىدى، شۇڭلاشقا ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم.

ئىمتىھان نەتىجىسى چىقتى، ئارزۇلىرىم خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا غايىب بولدى، تەقدىر مەندىن يۈز ئۆرۈپتۇ. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئاھ، خۇدا، قېنى مېنىڭ ئارزۇلىرىم، مەن كەلگۈسىدە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى، يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ، نادىر كەشپىياتلار بىلەن مىللىتىم، خەلقىمنى دۇنياغا تونۇتۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مۇشۇ ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىلىم كېرەك، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇش كېرەك. ئەمدى مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتكە كىرىش ئارزۇيۇم يوققا چىقتى. بۇنىڭغا، ئەزەلدىن خوشۇم يوق ماتېماتىكىدىن كەم ئالغان بەش نومۇر سەۋەبچى بولدى. ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان كۈنى مېنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان دادام، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا تاش يۈرەك دادىغا، شەپقەتسىز دادىغا ئايلىنىپ

قالدى. ئۇنىڭ «ھوۇ قاپاق باش!» دەپ ۋارقىرىغان دەھشەتلىك ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ، تېنىمنى جۇغۇلداتتى. دادامنىڭ داۋاملىق ئىللىق نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى سۇرلۇك تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىدە غەزەبلىك نۇر چاقنايتتى، مەن دادامنىڭ ئاشۇ قەھرلىك كۆزلىرىگە ئەندىكىپ، قورقۇپ، قورۇنۇپ قارايتتىم. ئازابلىناتتىم، ئۆكۈنەتتىم. ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەن، پۇرسەتنى ئۇتتۇرۇپ قويغان ئىدىم. بەلكىم دادامنىڭ رەنجىشى يوللۇقتۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدىم. ئۇ مېنى قانداق ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئوقۇتقان بولغىيدى؟ ھەممىسى تۈگىدى. ئاشۇ كاساپەت بەش نومۇر ھەممىنى بىر تىيىن قىلدى. مەن دادامنىڭ مەقسىتىنى، ئارزۇسىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈمىدى، غايىسى مېنى بەختلىك قىلىش، مېنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئالدىدا قازانغان نەتىجىلىرىم بىلەن پەخىرلىنىش، ھوزۇرلىنىش، شادلىنىش. مەن دادامنى ئاشۇ شادلىقتىن مەھرۇم قىلدىم، شۇنداق ئىكەن، دادامدىن رەنجىشىم ھاجەتسىز. ئاچچىقى بېسىلغاندا، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندە ئۇ مېنى يەنە باغرىغا باسىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى، پۇشتى ھەم ۋارىسى. بىر كېچە ئۇنىسىز يىغلاپ چىقتىم، ئەتىسى ئەتىگەندە دادام مەن بىلەن خوشلاشمايلا ئۇرۇمچىگە يېنىپ كەتتى.

ئاھ، خۇدا، بىر كۈن ئۆتۈپ، ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى. ھاراقنى راسا ئىچىپ خۇدىنى بىلمەي يولغا چىققان بىر تەلۋە شوپۇر ئاقسۇ بىلەن شايار ئارىلىقىدىكى جەزىرىدە، دادام ئولتۇرغان «بىيجىڭ» ماركىلىق پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ سوقۇپتۇ، پىكاپ بىرنەچچە موللاق ئېتىپ، يولنىڭ سىرتىغا دومىلاپ چۈشۈپتۇ، ئارقىدىن ھېلىقى يۈك ماشىنىسى قىڭغىيىپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك،

ئۆرۈلگەن پىلكاپىنىڭ ئۈستىگە غولاپ چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پىلكاپ ئىچىدىكى تۆت كىشى، ھېلىقى تەلۋە شوپۇر قوشۇلۇپ بەش ئادەم ئۈن - تىنسىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. يىغلاپ - قاخشاپ دادامنى كۆمۈپ قويدۇق. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىم ئۈستىگە دادامدىن مۇنداق تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەل- تۈرمىگەن ئىكەنمەن. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلدى. بىر گە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى بېيجىڭ، شاڭخەي، ئۈرۈمچى، قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كەتتى. مەن ئۇلارنى ئازابلىق كۆز يېشىم بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇم. سىڭلىم ئىككىمىز ئانامغا قاراشلىق، يەنى ھۆكۈمەت دادامغا بەرگەن 120 يۈەن نەپىقە پۇلىغا قاراشلىق قالدۇق. ئانام ئائىلە ئايالى بولغان بىلەن پەم - پاراسەتلىك ئىدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز دادامنىڭ تۇپراق بېشىدىن كەلگەندە ئانام ئىك- كىمىزنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتەتتى. بىزمۇ قوشۇلۇپ يىغلايتتۇق. ئاخىر يەنە ئانام يىغىسىنى توختىتىپ بىزگە تەسەللى بېرەتتى.

بىر كۈنى تۇپراق بېشىدىن كەلسەم، ئانام ماڭا: «بالام، دادىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى سۇندى. سەن ئەمدى دادىڭنىڭ ئورنىدا تۈۋرۈك بولۇپ بۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈڭ كېرەك، ئەمدى تىرىكچىلىكنىڭ بىرەر يولىنى تۇتمىساڭ بولمىدى. قېنى ئويلاپ باققىن، نېمە ئىش قىلىشنى خالايسەن، بالام؟» دېدى. بىر بوتكا ياسىتىپ رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور رېمونت قىلىش دۇكىنى ئاچماقچى بولدۇم. مۇشۇنداق قىلسام مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، رېمونتچىلىق بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنىلا بىرەر نەرسە كەشىپ قىلالارمەن دېگەن ئۈمىد ئۇچقۇنى قەلبىمدە پەيدا بولدى. بازارلارنى ئايلاندىم، بۇ كىچىك ناھ-

سىيە بازىرىدا رادىئو ـ تېلېۋىزور رېمونت قىلىدىغان دۇكاندىن يەتتىسى بار ئىكەن . كونىلاردا « ھۈنەرۋەنىنىڭ يولى بىر ، رىزقى باشقا » دېگەن گەپ بار . مېنىڭ ئىشىمۇ ئۆز يولىدا ئېقىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم . مەن مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپلا رادىئو ـ تېلېۋىزور رېمونتچىلىقىنى باشلىغان . ھازىر دۇكان ئاچسام ئۈلپەت خېرىدارلىرىمنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىگە كۆزۈم يەتتى . مۇشۇلارنى ئويلاپ ، بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات دوقمۇشىدىكى ئاۋۇت ئۇستامنىڭ دۇكىنىدا ساق يىگىرمە كۈن ئولتۇردۇم . ئاشۇ يىگىرمە كۈندە ئۇ بىر يۈەن 60 فۇڭلۇق ھۈنەر قىلدى . ئاۋۇت ئۇستامدەك كونا ئۇستىلار شۇنچىلىك پۇل تاپتى ، مەن قانچىلىك تاپارمەن ، ئاۋۇت ئۇستام يېشى 50 تىن ئاشقان ئادەم ، شۇنىڭغا قانائەت قىلدى ، لېكىن مەنچۇ ؟ مەن تېخى ياش ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ، جاسارىتىم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . قايسى تەرەپتىن بىرەر بۇزۇلغان نەرسە كېلەركىن دەپ تۆت كوچىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇشقا چىدامدىمەن ؟ رېمونتخانا ئېچىشتىن ئۈزۈل ـ كېسىل يالتىيىپ ، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم ، بىرى مېنى چاقىردى . قارىسام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم غالىب ئىكەن . ئۇ مالىيە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئورۇنلاشقان ئىدى . ئىككىمىز قىزغىن سالاملاشتۇق .

— بىرنەچچە كۈن بولدى كۆرۈنمىدىڭ ، مەنمۇ ئىش بىلەن بولۇپ ، سېنى يوقلاپ كىرەلمىدىم . ئاتايىن كىرىپ مۇڭ-دىشىپ چىقىش خىيالىم بار ئىدى ، مانا بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالدۇق ، قارىسام روھىڭ ناھايىتى چۈشكۈن تۇرىدۇ ، كەل ، بىر-دەم مۇڭدىشايلى .

— جاسارەت ، — دېدى ئۇ ماڭا دوستلۇق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ ، — ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن يالغۇز سەنلا ئەمەس .

قىنى ، دەپ باقىنە ، ھازىر نېمە كويلاردا بولۇۋاتىسەن ، بىرەر ئىشنىڭ پېشنى تۇتاي دەۋاتامسەن ؟

مەن ئويلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم ، ئۇ ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولۇپ :

— توغرا ، بۇ چوڭ شەھەر ئەمەس ، بۇ ھۈنەرنىڭ تاپاۋىتى دېگەندەك ياخشى بولمايدۇ . ھازىر قولۇڭدا ئاز - تولا بىرنەرسە بارمۇ ؟ — دېدى سەل قورۇنۇپراق .

— كۆپ ئەمەس ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ ، — دادامنىڭ ئىقتىساد قىلىپ قويغان ئاز - تولا پۇلى بار ئىكەن . دادامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىدىن كېيىن 2000 يۈەنچە قالدى . رېمونتخانا ئاچسامۇ ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلاتتىم ، ئەمدى قايسى ئىشنى قىلسام بولاركىن - تاڭ؟قېنىسەن بىر يول كۆرسەتكىنە؟

— مۇنداق قىلايلى ، — دېدى غالىب بىرھازا جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، — سەندە نەق 2000 يۈەن بار-كەن ، مەن كېپىل بولۇپ بانكىدىن يەنە 4000 يۈەن قەرز ئالايلى ، بۇنىڭغا قول تراكتور ئالىمىز . بۇ يىل ناھىيىمىزدە بىرنەچچە يەردە چوڭ قۇرۇلۇش بار ، ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي ، سەن قۇرۇلۇشقا قۇم - شېغىل توشۇ ، تەلىيىڭ بولسا بۇ يىل قەرزىڭنى تۆلەپ، تراكتورساڭا قالىدۇ. ئىشنىڭ ئېپى مۇشۇ!

شۇنداق قىلىپ ، بىر ھەپتىدىن كېيىن « سوپەك »نىڭ شوپۇرى بولۇپ قالدىم ، قۇرۇلۇشقا قۇم - شېغىل توشۇشقا كىرىشتىم . تاڭ سەھەردىن كۈن پاتقۇچە ، بەزى كۈنلىرى تاكى يېرىم كېچىلەرگىچە تىنماي ئىشلەيتتىم . شېغىل - قۇمنى ئۆزۈم ئۇسسۇيتتىم ، چۈشۈرەتتىم . دەسلەپكى كۈنلەردە كەچ كىرىش بىلەن تەڭلا ئۆيگە قايتىپ ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ، تاكى ئانام تاماقنى پىشۇرۇپ ئويغاتقۇچە ھېچ نەرسىنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتەتتىم ، كېيىنچە كۆنۈپ كەتتىم ، زادىلا ھارغىنلىق ھېس

قىلمايدىغان بولدۇم. دېمەك، چېنىققان ئىدىم. بىر كۈن قۇم توشۇسام، بىر كۈن شېغىل توشۇيتتىم. بىكار بولسام تراكتورنى ئوگشايتتىم. شۇنداق قاتتىق ئىشلەش نەتىجىسىدە، 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئالتە ئاي ئىچىدە، بانكىدىن ئالغان قەرزىم تۆگىگەندىن سىرت تراكتور بىلەن 5000 يۈەن نەق پۇل ماگا قايتتۇ، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش، ماڭا پۇل قەرز بەرگەن بانكىغا، مۇشۇنداق ياخشى سىياسەتنى چىقارغان ھۆكۈمەتكە مىڭلارچە رەھمەت ئېيتتىم. قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى مېنى ماختاپ: «قۇم ـ شېغىلنى ئوبدان ئۈلگۈرتۈپ بەردىڭ» دەپ 400 يۈەن مۇكاپات بەردى ھەمدە «كېلەر يىلى قۇم ـ شېغىلنى يەنە سەن توشۇپ بەرگىن، بىز توختام تۈزەيلى» دېدى. گەرچە مەن 5400 يۈەن پۇل، بىر قول تراكتورنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان بولسامۇ، يەنىلا ئۆزۈمدىن رازى ئەمەستىم، مەن بۇ دۇنياغا كەلدىم، ھاياتىمنى مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەپ پۇل تېپىش بىلەنلا ئۆتكۈزەمدىمەن. توغرا، پۇل تاپتىم. جاپالىق ئىشلىسەڭ، تەر ئاققۇزساڭ يانچۇقۇڭ پۇلغا توشىدىكەن. ئەل ـ ئاغىنەڭ، تونۇش ـ بىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيۇڭمۇ بولىدىكەن. مەن مۇشۇنداق ئىشلىسەم يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ قول تراكتورنى چوڭ ماشىنىغا ئۆزگەرتىشكە كۆزۈم يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى پۇل ئۈچۈن ئىشلەش، شوپۇر بولۇپ ئۆتۈشنى كۆڭلۈمدە ياقتۇرمايتتىم، بۇ جاپانى ياقتۇرمىغانلىقىم، پۇلنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئەمەس، پەقەت كەلگۈسىدە بىرەر چوڭ ئىش قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنلىكىم ئىدى. توغرا، شوپۇرلارمۇ جەمئىيەتكە ھەسسە قوشىدۇ. لېكىن مەن جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن شوپۇرلار قوشقان ھەسسىدىن كۆپرەك ھەسسە قوشماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق تەقدىرنى ئۆزگەرتىش لازىم. مېنىڭ كېچە ـ كۈندۈز

ئويلايدىغىنىم شۇ ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئەسكەر چاقىرىش باشلاندى. مەن بۇيۇك ئارزۇلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى دەسلەپكى قەدەمنى ئەسكەرلىكتىن باشلاشقا بەل باغلىدىم. بۇ خىيالىمنى ئانامغا ئېيتتۇىدىم، ئانام بىر هازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن دېدى:

— ئوغلۇم، داداڭنىڭ سېنى ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇتۇش ئارزۇسى بار ئىدى. سەنمۇ شۇنداق ئارزۇدا ئىدىڭ. داداڭ رەھمەتى بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىۋېرسىتېتكە كەتكەن بولساڭمۇ، ئۈچ ـ تۆت يىلدا كېلەتتىڭ، يەنە چىدايتتىم، ئەمدى ئەسكەرلىككە بېرىشنى ئارزۇ قىلغان بولساڭ يەنە مەيلى. بارغىن بالام، يەنە ئۈچ ـ تۆت يىلنى يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆتكۈزۈۋېتەرمەن. هايات ۋاقتىمدا ئارزۇيىڭغا يەتكىن. سېنى ئۆيلەپ نەۋرە كۆرۈش ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى. سەن بىلمەيسەن بالام، مەن لايىق ئىزدەپ بىرنەچچە يەرگە باردىم. ئۇلار ئالدىمدا «ماقۇل» دېيىشتى، ئارقامدىن «هېلىقى سوپەكچى بالىمكەن؟» دېيىشىپ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپتۇ، بالام. هازىر ئادەملەر داغۋاز بولۇپ كەتكەن زامان ئىكەن، سەن ياخشىراق بىر ئىش قىلمىدىغان بولساڭ مەيلى، مەن سەن ئۈچۈن هەرقانداق ئازابلارغا چىدايمەن.

مەن ئەسكەرلىككە تىزىملاندىم. ئەسكەر ئېلىشنىڭ قاتتىق شەرتلىرىگىمۇ لايىق كەلدىم. بۇ قېتىم ماڭا تەقدىر ئۈلۈك قارىدى، مۇرادىم هاسىل بولدى. مانا، يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش لىيەنىدە ئۈچ ئاي قاتتىق تەربىيىلەنگەندىن كېيىن بۇ تەرەپكە چىقتۇاتىمەن. شۇلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا ماشىنا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئېگىز ـ پەس يول بىلەن بىر جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. سوغۇقتىن تېنىمگە تىترەك ئولاشتى. قارىسام، سەپداشلىرىم ئۇستىگە جۇۋىلىرىنى كىيىۋاپتۇ. سوغۇق شامال چىرقىراپ نەرە

تارتىۋاتاتتى. مەنمۇ جۇۋامنى كىيدىم، برېزېنتنى قايرىپ سىرتقا قارىدىم. يا ھەزرەت! ئەتراپتىكى تاغلار ئۈستىگە ئاق مامۇق ياپقاندەك ئاپئاق تۈسكە كىرىپتۇ. قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتىدۇ. شىۋىرغان ئۇشقىرتىۋاتىدۇ. ئالدى تەرىپىمىزدە ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بىر ئېگىز تاغ غادىيىپ تۇرىدۇ. ئۈستىنى قويۇق كۈل رەڭ تۇمانلار قاپلاپتۇ، ماشىنا ئاستىلىدى، شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرتۇپ يۈز - كۆزلىرىمگە ئۇرۇشقا باشلىدى. نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇقتىن ئەندىكىپ ماشىنا ئىچىگە ئولتۇرۇۋالدىم. بىرەر چاي قاينىمى ئۆتكەندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشتى. بىر چاغدا ماشىنا توختىدى.

— يېتىپ كەلدۇق، چۈشۈڭلار!

بىز ماشىنىدىن چۈشۈشىمىزگە بىرنەچچە كونا جەڭچى ياتاقلىرىدىن چىقىپ، يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىشىپ ئىسسىق ياتاقلارغا ئېلىپ كىردى. ھەممىمىزگە بىر ئىستاكاندىن قايناق سۇ قۇيۇپ تۇتتى. بىز ۋەزىپە ئۆتەيدىغان گازارما، يەنى قوراللىق ساقچى قىسىم «B» ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە ئەترەت ئاقتاش چېگرا ساقچىخانىسى مۇشۇ ئىكەن.

## دەسلەپكى كۈنلەر

ئاقتاش چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى كۆك بىلەن بوي تالاشقان، بىر يىللىق تۆت پەسلىدە ئوخشاشلا ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ باغرىدىكى بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، توغرىسى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدىغان غايەت چوڭ بىر ئاقتاش باركەن. تەبىئەتنىڭ كارامىتىمىكىن تاڭ؟ بۇ تاشنىڭ ئەتراپى، ئۈستى تۈپتۈز ھەم سىلىق ئىدى. ئەگەر بىرەر

تاشكىسەر ئۇستا نەچچە يىللاپ ئەجىر قىلغان تەقدىر دىمۇ مۇنداق ئۆلچەملىك سىلىقلاش مۇمكىن ئەمەستى . بۇ يەرنىڭ « ئاقتاش » دېگەن ئىسمىمۇ مۇشۇ تاشقا ئاساسەن قويۇلغان بولسا كېرەك . بۇ غايەت چوڭ تاش بۇ يەرگە قەيەردىن كېلىپ قالغان ، قەدىمكى زامانلاردا ئاشۇ مۇز تاغ ئۈستىدىن غولاپ چۈشكەنمۇ ياكى كەلكۈندە ئېقىپ كېلىپ قالغانمۇ ، بۇنى قىياس قىلىش تەس ئىدى . ساقچىخانىنىڭ دەرۋازىسى مۇشۇ ئاقتاشنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان بولۇپ ، دەرۋازا ئالدىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان كونا جەڭچىلەر داۋاملىق مۇشۇ تاش ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ، يىراق - يىراقلارغا نەزەر سالىدىكەن . ئۇزاق ئۆتمەي بىزمۇ بۇ ئادەتنى ئۆگىنىۋالدۇق . راست دېگەندەك ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغاندىن تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ياخشىكەن ، يىراق - يىراقلارنى كۆر- گىلى بولىدىكەن . ئېگىزدە تۇرسا ئادەمنىڭ روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن . مەن بۇ يەرگە قورال لىق ساقچى قىسىم قۇرۇلۇپ ، 4 - قارار چىققان ئەسكەر ئىدىم . بۇ يەردە مېنى ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى ، بۇ يەردىكى كونا ئەسكەر ۋە كوماندىرلارنىڭ ھەممىسى قاپقارا ئادەملەر ئىدى . بۇلارغا قارىغانسېرى كۆڭلۈمگە : «بۇ يەرگە ئەسكەر - كادىر تەقسىم قىلغاندا ساپلا قارا ئادەملەرنى تەقسىم قىلغان بولغىيمىدى » دېگەن خىيال كەچتى . بىر كۈنى بۇ ئويۇمنى بىزنىڭ ياسىن بەنجاڭغا دېۋىدىم ، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە :

— ھەي جاسارەت ، بەك سەزگۈر يىگىت ئىكەنسەن جۇمۇ . نېمىسىنى دەيسەن ؟ بىزمۇ بۇ يەرگە يېڭى چىققان چاغدا قىزلارنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئاپئاق ، چىرايلىق يىگىتلەردىن ىدۇق ، مانا ئەمدى مۇشۇنداق قارا كۆتەك ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتۇق . بۇ يەر دېگىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىز ، ھاۋاسى تالاڭ . مانا دەرۋاتىسەن ، ھەر كۈنى بوران - شۇۋىرغان چى-

قىپ تۇرىدۇ. بىزنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنى رەھىمسىز تەبىئەت، مۇشۇ يەرنىڭ ھاۋارايى. تەلىيىڭ بولسا كېلەر يىلى مۇشۇ چاغقىچە سەنمۇ قارا كۆتەك يىگىتكە ئايلىنىپ بولىسەن. ئۇنداق دېسەم كېيىن قىزلار تەگمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالمىغىن، كەلگۈسىدە بىزنى شەھەرنىڭ ئەركە ناياق، ئاقپىشماق قىزلىرى ياقتۇرماي قالسا، ئەمگەكتە پىشقان ئاپتاپتا كۆيگەن، ئۆزىمىزگە ئوخشاش قارا قىزلاردىن ھەمراھ تېپىۋالارمىز. قانداق دەيسەن جاسارەت، — دەپ دولامىنى قېقىپ كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قورسىقىڭغا كىرىپ چىقسام، كۆڭلۈڭدە بۇ يەرنى تازا ياقتۇرغۇڭ يوقتەك قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ياسىن بەنجاڭ ماڭا تىكىلدى. راستىنى ئېيتسام، بۇ يەر كۆڭلۈمگە تازا ياقمىغان ئىدى، كىم كۆڭلىدىكىنى ھە دېگەندە ئىزھار قىلالايدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك ئەسكەرلەر كۆڭلىدىكىنى باشلىق ئالدىدا ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مەن دەررۇ جاۋاب بەردىم:

— ئۇنداق ئەمەس بەنجاڭ، مەن بۇ يەرنى ياقتۇرىمەن، مۇشۇ جاپالىق يەردە ئىشلەپ تۆھپە كۆرسىتىشنى شەرەپ دەپ بىلىمەن.

— شۇنداق، — دېدى ياسىن بەنجاڭ كۆزلىرىنى قارلىق تاغنىڭ باغرىغا تىكىپ تۇرۇپ، — جاپانىڭ تېگى ھالاۋەت، پارتىيە، خەلق بىزگە تارتقان جاپايىمىز ئۈچۈن شەرەپ بېرىدۇ. خاتىرجەم ئىشلە، بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ شەرەپلىكلىكى شۇ يەردىكى، بىز ۋەتەنىنىڭ چېگرىسىنى قوغداۋاتىمىز، بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، بىلەمسەن؟ بۇ بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

ياسىن بەنجاڭ توغرا ئېيتىدۇ. خەلق بىزگە مۇشۇ چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن قورال بەردى، خەلق بىزگە ئىشەندى، بىزمۇ خەلقنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلىشىمىز لازىم. قوراللىق ساقچى

قىسىم قوۋرۇلۇپ بۇ يەرگە ئەسكەر چىققۇچە، بۇ ساقچىخانىدا ئالتە نەپەر كادىر بار ئىكەن، ج خ ئىدارىسى ئۇلارنىڭ مائاشىنىلا چىقىرىپ بېرىدىكەن، ئۇلار كۆكتات، مېۋە - چېۋەدېگەننىۋاقتى - قەرەلىدە يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر ئايلىق ئاشلىق نورمىنىمۇ بۇ يەردىن 30 كىلومېتىر نېرىدىكى يېزىلىق ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئۆزلىرى ئەكېلىپ يەيدىكەن. ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ھەممە نەرسە ۋاقتى - ۋاقتىدا ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ چىقىلىدۇ. ھېچ نەرسە كەم ئەمەس. كەسپىي كادىرلار ھەر كۈنى ئىككىدىن جەڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ چېگرانى ئاتلىق چارلاپ كېلەتتى. مەيلى قار ياغسۇن، مەيلى شۋىرغان چىقسۇن، بۇ ئىش ئوخشاشلا داۋام قىلاتتى. قالغان جەڭچىلەرنى سەلەي پەيجاڭ مەشىققە سالاتتى. ھەر كۈنى مەشىق، پوستتىن چۈشۈپ ھەربىي مەشىق، ھەربىي مەشىقتىن كېيىن يەنە پوستتا تۇرۇش، چارلاشقا چىقىش، مەيلى قار ياغسۇن ياكى سۋىرغان چىقسۇن، سەلەي پەيجاڭنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچىمۇ كارى يوق ئىدى. بۇ «سەلەي پەيجاڭنىڭ جېنى تۆمۈردىن، ئۇستىخىنى پولاتتىن ياسالغان ئادەممىكىن» دەيتتىم ئىچىمدە. بىزنى قاتار قىلىپ مەشىق مەيدانىغا ئېلىپ چىقتىمۇ بولدى، ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ كۈنكى مەشغۇلات جەدۋىلىدە نېمە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا شۇنى ئورۇنداپ بولمىغۇچە زادىلا قويۇۋەتمەيتتى. سەلەي پەيجاڭ دائىم بىزگە:

— جەڭچىدە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغۇدەك ماھارەت بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا جەڭدە ئۆزىنى قوغداپ، دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدۇ. بىز خەلق جەڭچىسى، خەلق بىزگە ۋەتەننىڭ مۇقەددەس چېگرىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت يۈكسەك ۋەزىپىنى تاپشۇردى. يۇقىرى ھەربىي ماھارەت ئىگىلىمەي تۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ، —

دەيتتى. قوش تورنىك، يالاڭ تورنىك، ياغاچ ئاتتىن سەكرەش، سانجىش ھەرىكىتى، چامباشچىلىق دىگەنلەر پەم - پاراسەت ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن تەرلەپ تەپچىرەپ، ئانچە توڭلاپمۇ كەتمەيتتۇق. ئەڭ يامىنى قارىغا ئېلىش مەشقى. ئەتىگەندىن كەچكىچە مىلتىقنى چىڭ سىقىمداپ، قارىغا ئېلىش تاختىسىدىن كۆزۈڭنى ئۈزمەي، بىر كۆزۈڭنى قىسىپ مۇشكى بىلەن پىرسىلنى بىرلەشتۈرۈپ نىشانغا تەگكۈزىمەن دەپ توڭغۇلاق تاش، قېلىن قار ئۈستىدە دۈم يېتىش ئادەمنى جاندىن جاق تويغۇزاتتى. سەلەي پەيجاڭ قولنى قوشتۇرۇپ ياكى ئۇۋۇلاپ تۇرۇشقا يول قويمايتتى. ئۇ ھەربىر جەڭچىنىڭ يېنىغا كېلىپ يانپاشلاپ يېتىپ، تەكشۈرگۈچ ئەينەكنى مىلتىقنىڭ گاز قايتۇرغۇچىسى ئۈستىگە قويۇپ بىرلا قاراپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— ھەي، سەنزە... قەيەرنى قارىغا ئېلىۋاتىسەن، بولمىدى! مەيدەڭگە پاينەكنى مۇنداق تاقايسەن، سول قولۇڭنىڭ جەينىكىنى مۇنداق ئېگىسەن، پاينەكنى مۇنداق قاماش بىلەن بىگىز بارمىقىڭ داۋاملىق كىرژۇكتا بولىدۇ.

ئۇ بۇ يەرگە چىققان دەسلەپكى قارارنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، ھەربىي ماھارەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك جاسارەت ۋە پەم - پاراستى بار ئىدى.

بۈگۈن قارىغا ئېلىشنى يېرىم كۈن مەشىق قىلغاندىن كېيىن، رەسمىي ئوق ئېتىش باشلاندى. ماڭا بېرىلگەن 13 تال ئوقنىڭ ھەممىسىنى دەل جايىغا تەگكۈزدۈم، سەپداشلىرىم چاۋاك چېلىپ كېتىشتى، ئۆزۈممۇ جاپالىق مەشىقنىڭ لەززىتىنى تېتىپ ھارغىنلىقلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم. 13 تال ئوقنى زايا قىلماي جايىغا تەگكۈزۈش مېنى نېمە ئۈچۈن خۇشال قىلمىسۇن، بۇ شەرەپ ئالدى بىلەن ماڭا، ئاندىن بەنگە تەئەللۇق. قاراۋۇللۇق نۆۋىتى ماڭا كېلىپ قالغان ئىكەن، ياسىن بەنجاڭ تېز بېرىشىمنى

بۇيرۇدى. مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان ئەنۋەر ئالدىراپ سورىدى:
— نەچچىنى تەگكۈزدۈڭ؟
— 13 نىڭ ھەممىسىنى!
— راستما؟
— ئىشەنمىسەڭ بېرىپ سوراپ باق! مەن دېگەن كىم؟ — مەيدەمگە مەغرۇرانە ئۇرۇپ قويدۇم.
— ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن سەلەي پەيجاڭغا رەھمەت ئوقۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن مەشھۇر ئەسەردە مۇنداق ئىككى مىسرا بار: «ئارسلانلارغا ئىت باش بولسا، ھەممە ئارسلانلار ئىتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئىتلارغا ئارسلان باش بولسا، ھەممە ئىتلار ئارسلان بولىدۇ». سەلەي پەيجاڭ ماھارەتلىك ئادەم، شۇڭا بىزمۇ بوش كەلمەيمىز، قاراپ تۇر، ئاغىنە، مەنمۇ چوقۇم 13 نى دەل جايىغا تەگكۈزىمەن.
— ساڭا ئۇتۇق تىلەيمەن.
— رەھمەت ساڭا.
ئەنۋەر كېتىپ، مەن قاراۋۇلخانىغا چىقتىم. بىزنىڭ قاراۋۇلخانا دېگىنىمىز ساقچىخانا دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاشۇ ئاقتاشنىڭ ئۈستى. مەن ئەسكەر بولۇشتىن ئىلگىرى، ھەربىي رايونلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئەسكەر پوستا تۇرىدىغان قاراۋۇللۇق بوتكىسىنى كۆرگەن، پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەر كۈن نۇرى، قار - بوران، يامغۇردىن ئاشۇ بوتكا ئىچىدە تۇرۇپ پاناھلىناتتى. «توخۇ توڭلىغانسېرى قونداقنىڭ ئېگىزىگە چىقىدۇ» دېگەندەك، بۇ يەردە بىز مۇشۇ ئېگىز قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىمىز. «توۋا، دەيتتىم ئىچىمدە، — بىزنىڭ بۇ يەرگە ئاشۇنداق قاراۋۇللۇق بوتكىلىرى ياراشمامدىغاندۇ؟ بىز ئەسلى دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپلا قاراۋۇللۇق قىلساقمۇ بولاتتى. قانداقتۇر يېڭى

جەڭچىلەر كونا جەڭچىلەرنى دوراپ مۇشۇ تاش ئۈستىگە چىقىش بىلەن بۇ تاش قاراۋۇللۇق ئورنى، ئۈستى ئوچۇق قاراۋۇلخانىغا ئايلىنىپ قالدى.

يېڭى ئەسكەرلەر لېيەندىكى ۋاقتىمدا چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتى ناچار، ئىشلار جاپالىق، دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئاشۇنداق جاپالىق ئىشلارنىڭ بىرى بەلكى مۇشۇنداق پوستتا تۇرۇشتۇ، يەنە باشقا قانداق ئىشلار باردۇ، هە، يەنە هەربىي مەشىقمۇ بار، مەن تېخى چارلاشقا چىقىپ باقمىدىم، ماڭا مۇشۇ ساقچىخانىنىڭ قورۇسىلا تونۇشلۇق، ئەتراپتىكى ئاهالە بىلەن ناتونۇشمەن. مۇندىن كېيىن مېنى يەنە قانداق جاپالىق ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ هازىر هاۋا سوغۇق، شۇڭلاشقا چارلاشقا چىققانلاردىن باشقىلار هەر كۈنلۈكى ئوخشاشلا سىياسىي ئۆگىنىش ياكى مەشىق بىلەن بولىدۇ. خۇددى مەكتەپتە دەرسلىك چىلىك تۇتۇلغاندەك بۇ يەردىمۇ سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىش چىلىك تۇتۇلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا پەي ياكى بەن بويىچە يىغىن، بەنلەرنى سېلىشتۇرۇپ باهالاش، جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەهۋالىنى ئىگىلەش قاتارلىقلارنى تەكرار - تەكرار ئېلىپ بارىدىكەنمىز. سېنىڭ يېزىۋاتقان خاتىرەڭدىن تارتىپ، ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭغىچە بەنجاڭ بىلىپ تۇرىدىكەن. ئۆيدىن ماڭار ۋاقتىمدا بىكار ۋاقىت چىقارسام كۆرۈپ، ئۆگىنىمەن دەپ بىرنەچچە پارچە رومان ۋە بىرنەچچە فىزىكا، خىمىيىگە ئائىت پارچە كىتابلارنى ئېلىۋالغان ئىدىم. نەدىكىنى، بۇ يەردە ئۇ كىتابلارنى كۆرۈشكىمۇ ۋاقىت چىقمىدى. هەربىي شتابتا ۋاقىت ناهايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن تارتىپ تاكى كەچتە ياتقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىرەر سائەتمۇ ئىختىيارى ۋاقىت چىقارغىلى بولمايدىكەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە

مىدىرلاپلا تۇرغاچقا، كەچتە ئۇخلاش پۇشتىكى چېلىنىش بىلەن تەڭ ياستۇققا باش قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇخلاش پۇشتىكى چېلىنىش بىلەن تەڭ چىراغنى قەتئىي ئۆچۈرۈش كېرەك، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ بۇيرۇق، قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان بۇيرۇق.

شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا، يىراق - يېقىندىن ئۇچقان قار تۇزانلىرى باش - كۆزلىرىمگە ئۇرۇلماقتا. كۈن ئولتۇرۇپ، ئالەم قارا لىباسىنى كىيىپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ چاقنىغان چاغدا پوستتىن چۈشۈپ ياتاققا كىرسەم، ئەنۋەر مېنىڭ كارىۋىتىمدا جۇۋىسىغا يۆگىنىپ يېتىپتۇ. مىلتىقىمنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— زۇكام بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ قاتتىق بىرنى چۈشكۈرۈپ

— باشقىلارقېنى؟

— ئىككىنچى بەننىڭ ياتىقىدا قانۇن ساۋاتى ئۆگىنىۋاتىدۇ!

— دورا يېدىڭمۇ؟

— يېدىم.

— ئىسسىقراق چۈمكىنىپ ياتساڭ بوپتىكەن.

— پۇت - قولۇمنىڭ پەقەتلا ماغدۇرى يوق، ياتار ۋاققىچە سېنىڭ كارىۋىتىڭدا يېتىپ تۇراي دېدىم. ئەمدى سەنمۇ كىرىدىڭ، ئۆزۈمنىڭ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتاي. — ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— بولدىلا، سەن، مېنىڭ ئورنۇمدا يېتىۋەر، سېنىڭ ئورنۇڭغا مەن چىقاي، — ئەنۋەرنى كارىۋىتىمغا چۈمكەپ قويدۇم.

بۇ ساقچىخانىدا ج خ ئىدارىسى باشقۇرغان ئاشۇ چاغدىكى ئۆيلەرلا بولۇپ، يېڭى ئەسكەرلەر كەلگەندىن كېيىن يېڭى ئۆي سېلىنمىغاچقا، ئۆي قىس ئىدى. شۇڭلاشقا بىز بىر بەن ئادەم 14 كارىۋاتنى ئۈستى ـ ئۈستىگە جۈپلەپ قويۇپ مۇشۇ بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىشىپ ياتاتتۇق. ئەنۋەرنىڭ كارىۋىتى مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. هايال ئۆتمەي باشقىلارمۇ كىرىپ كەلدى، ياسىن بەنجاڭ ئىككىمىزنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن. ئەسكەرلىك هاياتى جەڭگىۋارلىق، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىققا تولغان هايات. جەڭچى جەڭچىگە كۆيۈنگەن يەردە بەنجاڭ كۆيۈنمەي باشقا پىكىردە بولامتى؟ ئەتىگەندىن بۇيان مەشىق، ئوق ئېتىش، ئاشۇ ئاپئاق قۇرام تاش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ نەچچە سائەتلەپ ئۆرە تۇرغاچقا چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن چىراغ ئۆچۈرۈلۈش بىلەن تەڭلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا جىددىي يىغىلىشقا چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، سەپداشلىرىم ئۈن ـ تىنسىز هەرىكەت قىلماقتا، ياتاقنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ تىنىقى بىلەن شىڭلى تاڭىدىغان تانىلارنىڭ «شىرت ـ شىرت» قىلغان ئاۋازىدىن باشقا غەيرىي ئاۋاز يوق، جىددىي يىغىلىش پۇشتىكى چېلىنىپ، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، راۋۇرۇس كىيىنىپ جەڭگىۋار هالەتتە مەيدانغا چىقىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت ئاران ئۈچ مىنۇت، مۇشۇ ئۈچ مىنۇت ئىچىدە تولۇق كىيىنىپ سۇدان، مىلتىقنى دولىمىزغا ئېسىپ، شىڭلىنى تېڭىپ يۈدۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ئەگەر چاپان، ئىشتاننىڭ بىرەر تۈگمىسى، ئاياغنىڭ شوينىسى تەلەپكە لايىق ئېتىلمەي ياكى چېگىلمەي قالسا سەلەي پەيجاڭ بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىمىزنى نوقۇيدۇ. بۇ كىشىدىن نېمىدېگەن چاققانلىق تەلەپ

قىلىدىغان ھەرىكەت ـ ھە ؟ مۇنداق ئىشنى يۈز قېتىملاپ مەشىق قىلىغان بولسامۇ ھەرىكىتىم دېگەندەك تېز ئەمەس ئىدىم. شۇنداقتىمۇ سەپداشلىرىمنىڭ ئانچە ئارقىسىدا قالمايتتىم. شىگىلنى تېگىپ دولامغا ئېلىپ بىر پۇتۇمنى پەسكە ئېلىشىم بىلەنلا خۇددى بىرى ئارقامدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك پەسكە دومىلاپ چۈشتۈم، بىر تىزىم ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرەنىڭ قىرىغا تەگدى، پېشانەم قارشى تەرەپتىكى كارىۋاتنىڭ بېشىغا تەگدى. ھېلىمۇ ياخشى قۇلاقچامنى باستۇرۇپلا كىيگەن ئىكەنمەن، بولمىسا پېشانەم يېرىلىپ كېتەركەن. پېشانەمدىن كۆرە تىزىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مەن ئاخشام ئەنۋەر بىلەن كارىۋات ئالماشتۇرغانلىقىمنى شۇندىلا ئېسىمگە ئالدىم. قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ ئاقسىغان پېتىم مەيدانغا قاراپ چاپتىم، تالا قاپقاراڭغۇ، قاتتىق سوغۇق، شۇرىغان ئۇشقىرتاتتى. خۇداغا شۈكرى، ھەرنېمە بولسا ئۈلگۈرۈپ چىقتىم. سەلەي پەيجاڭ دىققەت كوماندىسىنى بەرگەندىن كېيىن ھەممىمىزنىڭ ئالدى ـ ئارقىمىزغا ئۆتۈپ، قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا شىگىللىرىمىزنىڭ تېگىلىشى، كىيىنىشلىرىمىز، قورال، ئوق ـ دورىلىرىمىزنى بىر قاتاردىن تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە ساقچىخانا باشلىقى كېرىمغا دوكلات قىلدى:

ـــ دوكلات باشلىق، بىرىنچى بەندىكى كېسەل جەگچى ئەنۋەردىن باشقىسى تولۇق. بۇيرۇق بېرىڭ!

ـــ پىلان بويىچە ئىلگىرىلىسۇن! ـــ ساقچىخانا باشلىقى كېرىمنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن، سەلەي پەيجاڭ ياڭراق ئاۋاز بىلەن كوماندا بەردى:

ـــ ئوڭغا بۇرۇل ...! قەدەملەپ مارش ...!

بىر خىل رىتىمدا تاشلانغان قەدەملەر ئاستىدا قېلىن قارلار غىچىلدايتتى. «بىر، ئىككى، بىر!» سەلەي پەيجاڭنىڭ ياڭراق

كوماندىسى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراق - يېقىندىكى تاغلارغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. بەزىدە كۈچلۈك شىۋىرغان ئۇنىڭ كوماندا ئاۋازىنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. تىزىم جاننى قاقشىتىپ ئاغرىماقتا. لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، ئاقسىماي مېڭىشقا، ئاغرىقنى يېڭىپ، سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىققا تىرىشاتتىم. نەگىچە بارارمىز؟ يۈگۈرۈشكە بۇيرۇق بەرمىسە بولاتتى. مەن مۇشۇ يەردىنلا ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ ياتاققا كىرىپ كېتىشنى، سەلەي پەيجاڭنىڭ ھەرىكەتنى بۈگۈن دەل مۇشۇ يەردە بولدى قىلىشنى ئاللادىن تىلەيتتىم.

— ئورۇندا تۇر! — بۇ بۇيرۇق ماڭا خۇددى قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك ياقتى، ئەمدى سەلەي پەيجاڭ قانداق بۇيرۇق بېرەر؟ ئەگەر يەنە ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەرسە قانداق قىلارمەن. ئەسكەرنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى بويىچە كوماندا بېرىلىدىغان كوماندىرلار تېخى دۇنياغا كەلمىگەن بولسا كېرەك. سەلەي پەيجاڭ قېلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، كوماندىرلارغا خاس مەردانە قىياپەت بىلەن سەپنىڭ باش - ئايىغىغا نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن بۇيرۇق بەردى:

— ئىشپىيون «ئۆلار جىلغىسى» ئىچىدىكى «تۈلكە ئۆڭكۈرى» گە يوشۇرۇنغان، بىرىنچى بەن شىمال تەرەپتىن، ئىككىنچى بەن جەنۇب تەرەپتىن، ئۈچىنچى بەن غەربىي جەنۇب تەرەپتىن يېتىپ بېرىپ يېرىم سائەت ئىچىدە ئۆڭكۈرنى قامال قىلىش كېرەك. ئالغا...!

«ئۆلار جىلغىسى»، «تۈلكە ئۆڭكۈرى» دېگەن قەيەردە، بۇ ماڭا نامەلۇم، بىز كونا جەڭچىلەرگە ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز. سەلەي پەيچاڭ بىرىنچى بەنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈيتتى. ئاياغلار ئاستىدا قارلار غاچىلدايتتى. ئېگىز - پەس قورام تاشلىقتا چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ يۈگۈرۈيتتىم. «قەيەر ئاغرىسا

جان شۇ يەردە » دېگەن گەپ راست ئىكەن ، قەدىمىمنى ھەر قېتىم يۆتكىگەن چاغدا ئاغرىق مېڭەمگە چىقىپ كېتەتتى . باش-قىلار چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ ئىلگىرىلەپ ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى . ئەكسىچە ، مەن بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئارقىدا قېلىۋاتاتتىم . « دوكلات پەيجاڭ ، مەن بولالمىدىم » دەپلا قالايمۇ ؟ لېكىن سەپتىن چۈشۈپ قېلىشقا مېنىڭ ۋىجدانىم يول قويمايتتى .

« مەن چوقۇم يۈگۈرۈشۈم كېرەك ، سەپتىن چۈشۈپ قېلىش ياخشى ئەمەس » ، قېنى يۈگۈرەي ، يۈگۈرۈۋاتىمەن ، يۈگۈرۈۋا-تىمەن ، پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر قاپلاپ ، كۆزۈمگە بىر قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ ، بېشىم ئايلىنىپ ، كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولدى . ئۆزۈمنى كونترول قىلىشقا ئۇلگۈرمەيلا دەلدۈڭگۈنۈپ بېرىپ يىقىلدىم . ئۆزۈمنى ئوڭشاپ ، تۇرۇشقا تەمشەلگەن بول-ساممۇ ، بىر پۇتۇمنى تارتسام ، يەنە بىر پۇتۇم پېتىپ قالاتتى . قەيەرگە ئېسىلسام قارنى قۇچاقلاپ پەسكە سىيرىلىپ كېتەتتىم . مەن يىقىلغان يەر قىش كىرگەندىن بۇيان غىلاڭ يەرلەردىكى قارلارنى قاتتىق بوران - شىۋىرغانلار ئۇچۇرتىپ كېلىپ تىقى-ۋەتكەن بىر قار ئازگىلى ئىكەن . ئازگالدىن ئۆمىلەپ چىقىشقا ئامال بولمىدى . ئاھ ، خۇدا ، مەن ساڭا نېمە قىلغان بولغىيتتىم . شۇ ئەسنادا ، ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن سەپداشلىرىم ، ئۇنىۋېرسىتېتكە كەتكەن ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلىرىم ، ئانام ، سىڭلىمنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا بىر - بىرلەپ پەيدا بولدى ، كۆزلىرىمدىن ھەسرەتلىك ياش تاراملاپ قۇيۇلدى . ئاز ئۆتمەي بىر پۇتۇمنى پەقەتلا مىدىرلىتالمايلا قالدىم . ئاغرىۋاتقان تىزىم ئېغىرلىشىپ كەتتى . ئۆزۈمنى خۇددى ئازگال ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم . « مەن راستىنلا مۇشۇ قار ئازگىلىغا چۆكۈپ كېتەرمەنمۇ ، ياق ! مەن ئۇنداق بوشاڭ يىگىت ئەمەس » . شۇ ئەسنادا ياسىن بەنجاڭنىڭ «جاسارەت ... ! »

دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن « ھە » دەپ دېسەممۇ ، دېمەم ئىچىمگە چۈشۈپ كېتىپ خۇددى غايىبتىن بىر قول كېلىپ گې-لىمنى بوغۇۋاتقاندەك ئاۋازىم زادىلا چىقمىدى .

— جاسارەت ، سەن قەيەردە ... ؟ ! — ياسىن بەنجاڭنىڭ ئاۋازى يېقىن ئەتراپتا قايتا ياڭراشقا باشلىدى . قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ ئۇق چىقىرىپ « مەن بۇ يەردە » دەپ بەلگە بېرەيمۇ ؟ ياق ! ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ ! شۇ چاغدا ئېسىمگە ، داۋاملىق يانچۇقۇمغا سېلىپ يۈرىدىغان قەلەم شەكىللىك كىچىك قول چىرىغىم كەلدى . چاپىنىمنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇردۇم ، تەلە-يىمگە قول چىراغ بار ئىكەن ، قولۇمغا ئېلىپلا ئاسمانغا قارىتىپ ياقتىم . چىراغ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ ھاۋاغا تىك كۆتۈ-رۈلدى ، ھايال ئۆتمەي ياسىن بەنجاڭ باشلىق سەپداشلىرىم يېتىپ كەلدى . ئۇلار مېنى تەخمىنەن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇق-تىكى قار ئازگىلىدىن تەسلىكتە تارتىپ چىقاردى ، ياسىن بەنجاڭ مېنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ھاپاشلاپ ياتاققا ئې-لىپ ماڭدى ...

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىخانا باشلىقى كېرىم 60 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق ، چاڭگا ساقال ، سالۋا تۇماق بىر كى-شىنى ياتاققا باشلاپ كىرىپ ماڭا تونۇشتۇردى :

— بۇ كىشى مامۇت ئاكا بولىدۇ ، يەرلىك ئۇستا تېڭىقچى ، ئاتۇشتىكى سامساق تېڭىقچىدەك نامى مەشھۇر بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا مۇشۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئادەم ، مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاتتىن يىقىلىپ قولۇم سۇنۇپ كەتكەندە مۇشۇ كىشى تېڭىپ ساقايتقان . قېنى تىزىڭنى ئاچقىنا ، كۆرۈپ باقسۇن .

بۇ تېڭىقچىغا قاراپ كۆڭلۈمدە قايىل بولمىسامىمۇ ، باشلىقنىڭ ئالدىدا ئامالسىز تىزىمنى ئاچتىم . مامۇت ئاكا تىزىمنى

بىر هازا سىلاپ كۆرۈپ، پۈتۈمنى بىردەم ئېگىز، بىردەم پەس قىلىپ، بىر - ئىككى قېتىم يۇمشاق مىجىغاندىن كېيىن، دېدى:

— چوڭ مەسىلە يوق، شىرەنىڭ قىرىغا قاتتىق تېگىپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇنداق ئىششىپ كەتكەن. سۆڭەكتە زەخمە يوق.

دېگەندەك تىزىم خۇددى تاۋاقنى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆپۈپ يوغىناپ كەتكەن ئىدى. كۆڭلۈمدە: «ھەقىچان تې-گىقچى بىر نەرسە قىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېرىم باشلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بۇيرۇسا، مۇشۇ پۇرسەتتە ئانام بىلەن سىڭلىمنى كۆرۈپ، پۇخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋالارمەن، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە پاراڭ سېلىپ، بىر نەچچە كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەرمەن» دېگەن ئۈمىد پەيدا بولدى.

— ئىششىقنى قانداق قىلىمىز، بىزدە ھازىر ئىششىقنى ياندۇرىدىغان دورا يوق، — دېدى كېرىم

مەندە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈمىدى تېخىمۇ كۈچەيدى - دە، بەكرەك ئىڭراشقا باشلىدىم. ئەمدى بۇ قېرىنىڭ ئامالى يوق دەيتتىم ئىچىمدە، كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ياز كېتىپ قىش كەل-دى. ئانامنى، سىڭلىمنى كۆرمىگىلى بىر يىلچە بوپتۇ، مۇشۇ سەۋەب بىلەن بېرىپ كۆرۈشۈۋالىدىغان بولدۇم. ماموت ئاكا ساقچىخانا باشلىقى كېرىمگە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن:

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، ئەنسىرىمەڭ، بىرنەچچە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن شاقىداپ تېڭىپ قويساقلا ئۈچ - تۆت كۈندە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئاشپەز ھەش - پەش دېگۈچە بىرنەچچە تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ كىردى. ماموت ئاكا تۇخۇمنى تاۋاققا چېقىپ، ئېقىنى چوكا بىلەن تاكى كۆپۈكلەشكىچە قوچۇپ ئاندىن تىزىمغا چېپىپ ئۈستىنى خام بىلەن تېڭىۋەتتى، ئاندىن ماڭا قاراپ:

— خاتىرجەم يېتىپ ئارام ئال يىگىت ، بىرنەچچە كۈندە ئوڭشىلىپ كېتىسەن ، — دېدى . باشلىقىمىز كېرىم دولامغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ :

— ئوبدان ئارام ئال ، زېرىكسەڭ كىتاب ئوقۇغىن ، مەنمۇ پات - پات كىرىپ سېنى يوقلاپ تۇرىمەن ، — دەپ ماڭۇت ئاكىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى . ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىش ، ئانام ، سىڭلىمنى كۆرۈش ، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىش ئارزۇيۇم شېرىن چۈشكە ئوخشاش بىردەمدىلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى . نېمە ئامال ؟

شۇ كۈنى باشلىقىمىز كېرىم مېنى ئىككى قېتىم يوقلىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ مېنى يوقلاپ كىرىپ ، يېنىمدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئۇنى - بۇنى سورىغاندىن كېيىن ، ماڭا بىر پارچە خەتنى بېرىپ چىقىپ كەتتى . بۇ كىمدىن كەلگەن خەتكىن ؟ كونۋېرتنى ئېلىپ ئادرېسىغا قارىدىم . « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى ، ئامانگۈلدىن » . پاھ ، بۇ ئامانگۈلنىڭ خېتى ئىكەنغۇ ؟ ئامانگۈل ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئۈچ يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى . ئىلگىرى ئىككىمىز ياخشى ئۆتەتتۇق ، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنەتتۇق . كېيىن ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتكە كەتتى ، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالدىم . كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا خەت يېزىش ئىستىكى بولسىمۇ ، جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم . سەۋەب ئۇنىۋېرسىتېتكە بارالمىغاندىن كېيىنكى روھىي ئازاب بىلەن كەيپىياتىمدىكى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئۆزۈمنى پەس ، يارامسىز كۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك . چۈنكى ، مېنىڭ نەزىرىمدە ستودېنت دېگەن ئالاھىدە بەختلىك ئادەم ھېسابلىناتتى ، شۇڭلاشقا ، مەندەك بەختسىزلەرنىڭ ئەمدى ئۇلارغا خەت يېزىپ ۋاقىتىنى ئىسراپ قىلىش ھوقۇقى يوق ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن قاناردىن قالغان يارامسىز ئادەم ، دەپ ئويلايتتىم . شۇڭلاشقا

مەن ئۇنىڭغا خەت يازمىغان. ئۇ نېمە دەپ يازغاندۇ؟ مېنىڭ ئادرېسىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدۇم:

«جاسارەت، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ سېنىڭ ھەربىي قىسىمغا كىرگەنلىكىڭنى تەبرىكلەيمەن، مۇبارەك بولسۇن. ئەسلىدىمۇ سەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق، ھەربىي بولۇشقا تېگىشلىك ئىرادىلىك يىگىت ئىدىڭ، بەك ياخشى بوپتۇ. گازارما تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغانسەن، چېنىقرا تۇرمۇشى بەلكى جاپالىقتۇ، لېكىن ئىرادىلىك كىشىلەر ئالدىدا جاپا ـ مۇشەققەت دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس. جاسارەت، مەن ئۇنىۋېرسىتېتكە كەلگەندىن كېيىن سېنى خەت يازىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەكسىچە سەندىن بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ يۈردۈم، شۇنداق بولسىمۇ سېنى ئەيىبلىمەيمەن. بۇ سېنى ۋە سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەنگەنلىكىمدىن. جاسارەت، مەن بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئۆيگە باردىم، سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ ئاناڭ، سىڭلىڭ بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتىم، ئۇلار سېنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭنى سۆزلەپ بەردى. ئادرېسىڭنى شۇ چاغدا بىلىۋالغان ئىدىم. شۇڭا، ساڭا خەت يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

جاسارەت، مېنىڭ ئوقۇشۇممۇ يامان ئەمەس كېتىۋاتىدۇ، سېنىڭ خىزمەتلىرىڭ قانداقراق؟ مەن بۇلارنى بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ئۆگىنىشنى تاشلىۋەتتىڭمۇ ياكى ئانچە ـ مۇنچە كىتاب كۆرۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟ جاسارەت، مېنىڭ يەكەنلىك بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىنىسى يېقىندا ھەربىي قىسىمدىن ئىمتىھان بېرىپ «ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە كوماندىرلار مەكتىپى» گە كەپتۇ، سەن ئوقۇشۇپ باق، مەن سېنىڭ ئىمتىھان بېرىپ مۇشۇنداق مەكتەپلەرگە كىرىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بىلىمەن، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇش ئىدى، ئەگەر مۇنداق مەكتەپلەرگە كىرەلمىسەڭمۇ ھەرگىز ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. بىر كىشىنىڭ ئىستىقبالى ھەرگىز ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇش بىلەنلا ۋايىغا يەتمەيدۇ. دۇنيادا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بوسۇغىسىغا كىرمەي تۇرۇپمۇ ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان كىشىلەر بار. ئۇنىۋېرسىتېتتە 10 يىللاپ

بىلىم ئېلىپ، ئالەمدىن ئۆن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرمۇ سانسىز. ئىرادىلىك كىشىلەر ھامان كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدۇ. ھازىر بىلىم ئېلىشنىڭ يولى داغدام. ئەگەر ھەربىي مەكتەپكە كىرەلمىسەڭ، ھەربىيدىن قايتقاندىن كېيىن 〈ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇنىۋېرسىتېتى〉 دە ئوقۇساڭمۇ كېچىكمەيسەن. جاسارەت، مەن ئۇنىۋېرسىتېتكە كىرەلمىدىم دەپ ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. كىتاب ئوقۇشنى تاشلىما، ئەگەر ماتېرىيال لازىم بولسا ماڭا خەت ياز. مەن ئەۋەتىپ بېرىمەن، ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئامانگۈل »

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مەيدەمگە باستىم. ئامانگۈل توغرا ئېيتىدۇ. ئامانگۈلمۇ خۇددى غالىبقا ئوخشاش ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەن. توغرا، بىلىم ئېلىشنىڭ يولى يالغۇز ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇشلا ئەمەس. بۇ خەت مېنىڭ قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتتى. بىزنىڭ قوراللىق ساقچى قىسمىدىن ئۇرۇمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە كوماندىرلار مەكتىپىگە ئادەم ئالمايدۇ، بۇنى ئامانگۈل بىلمىسە كېرەك. ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرلار مەكتىپى. لېكىن بىزنىڭ قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭمۇ كوماندىرلار مەكتىپى بارغۇ؟ بىزنىڭ سەلەي پەيجاڭ ئەسكەرلىكتىن بېرىپ ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. توغرا، مەنمۇ شۇ مەكتەپكە بېرىشىم كېرەك، بۇ مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەك، ئامانگۈل سەن نېمىدېگەن ياخشى. سەن دېمىگەن بولساڭ، مەن بۇلارنى ئويلاپمۇ باقمايتتىكەنمەن. كارىۋاتتىن چۈشۈپ شىرەنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئامانگۈلگە خەت يېزىشقا باشلىدىم ...

## « مۇزخانا »دىن « تۇزخانا »غا

تېگىشىق ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تىزىم پۇ-

تۇنـلـەي سـاقـىـيـىـپ كـەتـتـى . ئات بـىقىشقا تەقسىم قىلىنىپ ، ئاتـخانىدىن ئورۇن ئالغىنىمغىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى . چوڭ شەھەر- لـەردە بـولـمـىسىمۇ ناھىيە بازىرىدا چوڭ بولغان ئادەم ئۇچۇن ئات بـىـقىش دېگەن ئاسانغا چۈشىدىغان ئىشمۇ ؟ راست ، ئادەم بالىسى قـىلالـمـايـدىغان ئىش ، ئۆگىنەلمەيدىغان ھۈنەر يوق ئىكەن . ئات بـىـقـىـشـقـا تەقسىم قىلىنغان دەسلەپكى كۈنى ساقچىخانا باشلىقى كېرىم ماڭا :

— ئات بـىـقـىـش قارىماققا ئادەتتىكى ئىشتەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمـەلـىـيـەتتە بۇ ئىشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر يۈرۈش قانۇنىيەت- لـىـرى بـار ، لـېـكـىـن كـۆڭـۈل قويساڭلا ئۆگىنىۋالىسەن . سەن ئەسـكـەرلـىـكـكە كىرىشتىن ئىلگىرى مىلتىق ئېتىشنى بىلەمتىڭ ؟ چـامـبـاشـچـىـلىقنى بىلەمتىڭ ؟ ھازىر ھەممىنى ئۆگەندىڭ . ئادەم دېگەن ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك ، — دېدى .

— بـولـىدۇ ، باشلىق ، — دېدىم ۋەدە بېرىپ ، — دېگىنى- ڭىزدەك قىلىشقا تىرىشىمەن .

ئەمـدى بـۇ كـەڭـرى ئاتـخـانـىـدا 25 ئاتـنـىـڭ گېلى ماڭا قـاراشـلـىـق ئىدى . ھەر كۈنى ئۈچ ئات نۆۋەت بىلەن چېگرىغا مې- ڭىپ تۇراتتى . ھەربىر ئاتنىڭ ئوقۇرىنى كۈنىگە ئىككى قېتىم پاك - پـاكـىـز سۈپۈرەتتىم ، ئاياغلىرىنى تازىلايتتىم ، ئوت - سامانىنى ئۆتـكـەمـىـدە ، قـوناقنى غەلۋىردە تاسقايتتىم . سەللا بىخەستەلىك قـىـلـسام ، يەمگە ئاز - تولا توپا - تۇمان ئارىلىشىپ قالسا ، ئاتلار ھازىـرلا خـۇددى كـۆكيۆتەل بولۇپ قالغان كىشىدەك ئۇزمەي ئۆ- ھۈلدەپ يۆتىلىپ ئۆپكىسىنى قاقاتتى . ئوتقا قويۇش ، سۇغىرىش ، سـوۋۇتـۇش ، تـاڭـشـۇرۇش قـاتـارلـىـق ئىشلار جـايـىدا بولمىسا بـىـردەمـدىلا كـېـسـەل بـولـۇپ قـالاتتى . بىزنىڭ سەلەي پەيجاڭ جـەڭچى ۋاقتىدا بىر يىل ئات باققان ئىكەن ، شۇڭلاشقا ئۇ ، بىرەر ئات يۆتىلىپ قالسا قاپىقىنى تۈرۈپ ، « سەنزە جاسارەت ، ئوقۇرنى

پاكىز سۈپۈرمەيسەن ـ ھە ؟ » دەپ ، خۇددى مەن ئاتقا يەم بەر-گەندە ئوقۇرنىڭ قېشىدا باردەك گەپ قىلاتتى . ئەگەر بىرەر ئات ئاقساپ قالغان بولسا : « ھېرىپ كەلگەن ئاتنى سوۋۇتمايلا يەمگە قويۇپسەن ـ ھە » دەپ ئەيىبلەپ كېتەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى ، ئات دېگەن ھەم قۇدرەتلىك ، ھەم نازۇك ھايۋان ئىكەن . ئەگەر ھەممە ئىشنى جايىدا قىلساڭ سېنىڭ سو-ۋۇتۇشۇڭ ، يەم بېرىشىڭ ، تاڭشۇرۇشۇڭ ، ئېغىلنىڭ پاكىزلىقى ئاتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلسە تۆت كۈندە تۈكلىرى پار-قىراپ ، تولۇپاردەك بولۇپ كېتىدىكەن ، ياخشى باقمىساڭ بىرنەچچە كۈندىلا تۆتلىك ئېتىدىن چۇشۇپ ، تۈكلىرى تەتۈر يېنىپ كۆزلىرىدە چاپاق قايناپ چۈشۈپ ئۇۋۇلايدىكەن . مەن كىچىك ۋاقتىمدا بىراۋدىن « كۈچلۈك ھەربىي قوماندان قولىدا ئاجىز ئەسكەر بولمايدۇ » دېگەن گەپنى ئاڭلىغان . سەلەي پەيجاڭدەك تەجرىبىلىك ، جاسارەتلىك كوماندىرنىڭ قولىدا ھەرقانداق بىر ئىشتا ئەستايىدىل بولماي مۇمكىن ئەمەس . دېمەك ، ئات بېقىش كىشىدىن ئىنتايىن زىللىق ۋە ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلاتتى . ئوت ـ چۆپ توغراش ، ئېغىل قۇرۇقداش ئىشلىرىدا بە-زىدە ياسىن بەنجاڭ بىرىنچى بەننىڭ جەڭچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ياردەم قىلسا ، كۆپىنچە ھاللاردا ئەنۋەر ئۆزىنىڭ دەم ئې-لىش ۋاقىتلىرىنى مەن ئۈچۈن قۇربان قىلاتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئات بېقىشنى بىر ئايدىلا ئۆگىنىۋالدىم . ئەمدى سەلەي پەيجاڭ كۆزۈمگە كىرىۋالمايدىغان بولدى .

چېگرا چارلاشقا چىقىدىغان رازۋېدچىكلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاتخانا ئالدىدا پەيدا بولىدۇ . ئاتلارنى توقۇپ تەييار قىلىپ ، يۈگەننى قولىغا تۇتقازغاندىن كېيىن ئۇلار چېگرا لىنىيىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ . چېگرا چارلاشقا ماڭغۇچىلار ئىچىدە كونا جەڭچىلەرمۇ ، يېڭى جەڭچىلەرمۇ بار . مەن ئېخى ساقچىخانا

قورۇسى بىلەن ئاتخانا ھەمدە بۇ يەردىن بىر كىلومېتىردەك
نېرىدىكى ئات سۇغىرىدىغان بۇلاقتىن باشقىسىنى بىلمەيمەن.
رازۋېدچىكلار ئاتلارنى مىنىپ كەتكەندىن كېيىن بىدە توغراش،
ئوقۇر سۈپۈرۈش بىلەن بولىمەن، قوناق تاسقايمەن. ئەمدى ئۇھ
دەپ قولۇمغا بىرەر كىتابنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا تۆنۈگۈن
رازۋېدكىغا كەتكەنلەر خۇددى تاغنى تالقان، باغنى بوستان قى-
لىپ بەرگەندەك ئاتلارنى تەرلىتىپ، چاپقان پېتى ھەيۋەت بىلەن
كېلىپ مەغرۇر قىياپەتتە ئاتتىن چۈشۈپ، يۈگەننى ماڭا تۇتقۇ-
زۇپلا ياتاققا قاراپ ماڭىدۇ. ئاتلارنى سوۋۇتۇپ، ئوتقا قويۇش
بىلەن مېنىڭ تاكى يېرىم كېچىگىچە ئىشىم تۈگىمەيدۇ. باشقىلار
ئۇخلاشقا پۇشتەك چېلىنىش بىلەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئىسسىق
يوتقاندىن ئورۇن ئالىدۇ. ماڭا ئىسسىق يوتقاندا پۇت - قولۇمنى
ئۇزۇن سۇنۇپ سوزۇلۇپ يېتىش يەنە نېسىپ بولمايدۇ. باشقىلار
ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندا، ئاندىن سىلاپ - سىيپاپ يوتقاننى تاپى-
مەن. مۇشۇنداق تۈگىمەس ئۇششاق ئىشلار بىلەن بۇ يەردە ئادەم
نېمىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يېقىندىن بۇيان «ئۇي-
غۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تېزىسلار» دېگەن كىتابنى
ئوقۇرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇپ تۈگەتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن بىر
يېڭىلىق، ھەم مۆجىزە. مۇشۇ جەرياندا ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بى-
لىپ يەتتىم، ئىلگىرى لەلەڭشىپ ئويناپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن
كۈنلىرىمنى ئەسكە ئالسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. ئاخشامدا كەچ
ياتقىنىم بىلەن ئەتىگىنى يەنە باشقىلاردىن بىر سائەت ئىلگىرى
ئورنۇمدىن تۇرۇپ چالا ئۇيقۇلۇقتا ئەسنەپ يۈرۈپ، سەھەردە
چېگرىغا ماڭىدىغانلارغا ئات توقۇپ تەييار قىلىمەن. ئۇلار ھەر
كۈنى ئەتىگەندە ئات مىنىپ چارلاشقا ماڭغاندا مەن ئاتخانا ئىشى-
كىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بوينۇمنى قىسىپ قاراپ قالىمەن.
ئېچىمدە، ھەي، مەنمۇ قاچان بۇ لەنتى ئاتخانىدىن چىقىپ ئا-

شۇلارغا ئوخشاش توقۇپ تەييار قىلىپ بەرگەن ئاتنى مىنىپ، تاغ ئارىلاپ چىقىپ كېتەرمەن، دەپ ئويلايمەن. كادىرلارغۇ مەيلى، مەن بىلەن بىرگە كەلگەن جەڭچىلەرمۇ ئات ئۈستىگە چىققاندا كۆرەڭلەپ ئۆزىنى بىلمەيلا قالىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئە-چىم تېخىمۇ قايناپدۇ. ئۆزۈم بىلەن تەڭ كەلگەن سىپايىلارغا يەنە مەن ئات توقۇپ قۇلچىلىق قىلىۋاتقاندەك، ئۇلار ماڭا خوجايىنلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قورسىقىم كۆپىدۇ. مۇنداق چاغلاردا يەنە «ھەي جاسارەت، چىدا، يەنە چىدا، پەقەت چىداملىق كىشىلەرلا ئۆز ئىشىنى ئاخىرىغىچە قىلالايدۇ. ئەسكەر بولغانىكەنسەن، ئەسكىرىي خىزمەتنىڭ ھەر خىل جاپالىرىغا چىداش كېرەك. ھا-زىر تىنچلىق شارائىت. سەن تىنچلىق ئىچىدىكى ئەسكەر، سىنىلىڭ ئالدىڭدا جېنىڭغا تەھدىت سېلىپ، يىراقتا يوشۇرۇنۇپ ساڭا مىلتىقنى بەتلەپ تۇرغان دۈشمەن يوق. ئەگەر شۇنداق بولغاندا قانداق قىلاتتىڭ ئاشۇ شارائىتتىڭ، شۇ كۈنلەرنىڭ جا-پاسىغىمۇ چىدىماي ئامالىڭ يوق ئىدى. مۇنچىلىك ئىش قانچىلىك ئىشتى» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. ئاتخانىدىكى ئىشلارنىڭ ئېپىنى بىلگەنسېرى كىتاب كۆرۈشكە، خاتىرە يېزىشقا ئانچە-مۇنچە ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان بولدۇم.

بۈگۈن ئەتىگەندە چارلاشقا ماڭىدىغانلارغا ئات توقۇپ ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بېدە توغراۋاتاتتىم. ئەنۋەر كىرىپ:

— بۇ ساڭا بىر قىزدىن كەلگەن خەتكەن، باشلىقىمىز كېرىم قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا «بۇنى جاسارەتكە ئەكىرىپ بەر» دەيدۇ، — دەپ بىر پارچە خەتنى بەردى. بۇ ئامانگۈلدىن كەلگەن خەت ئىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم ئەنۋەرگە قاراپ، — ئۇلار بىزگە خەت يازغان ئىكەن، بىزمۇ خەت يازىمىز. ئۇلارغا «مەن ھەربىي، ماڭا خەت يازما» دېگىلى بولاتتىمۇ؟

— كادىرلار، قىزلاردىن كەلگەن خەتلەرنى جەڭچىلەرنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن، شۇڭا ئۇلار خاپا بولىدىكەن، — ئەنۋەر شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى.

ئەنۋەرنىڭ دېگىنى راست ئىدى. قايسىبىر جەڭچىگە قىزلاردىن تولا خەت كەلسە كادىرلارنىڭ شۇ جەڭچىگە نىسبەتەن قارىشى ئۆزگىرىپ قالاتتى. ئىلگىرى شۇنداق ئىشلار بولغان ئىكەن، بەزى جەڭچىلەر كېچە - كۈندۈز مۇھەببىتىنى ئويلاپ، خىزمەتتە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، بۇيرۇغان ئىشنى ياخشى قىلمىغان، ھەتتا كوماندىرلارغا دولىسىنى چىقىرىپ، ئۈچ يىللىق مەجبۇرىيەت تۈگەپ بولغۇچە بالدۇرراق كېتىشنىڭ قازىنىنى ئاسقان، شۇنىڭ بىلەن كوماندىرلار جەڭچىلەرگە قىزلاردىن كەلگەن خەتنى تىزگىنلەيدىغان بولغان. ئامانگۈلدىن ماڭا مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم خەت كەلدى. شۇ ۋەجىدىن ساقچىخانا باشلىقى كېرىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان. بەلكى ساقچىخانا باشلىقى كېرىم مەندىن ئەنسىرىگەندۇ؟ خەتنى ئاچتىم:

« جاسارەت، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. مەن ئىلگىرى ھەربىي تۇرمۇشنى چۈشەنمەيتتىم، پەقەت كىتابلاردىن شائىرلارنىڭ 〈 چېگرا جەڭچىسىگە 〉 دېگەن مەدھىيە شېئىرلىرىنىلا ئوقۇغانمەن. قارىغاندا، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى باشقا گەپ، ھەربىي تۇرمۇش باشقا گەپ ئىكەن. ھازىرقى زامانىنىڭ جاپاسىنى پەقەت چېگرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرلا تارتىۋاتقان ئوخشايدۇ. جاسارەت، مەن سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلارغا يىراقتىن چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. بۈگۈنكى كۈندە سىياسەت كەڭرى قويۇۋېتىلدى. باي بولۇشنىڭ داغدام يولىدا ھەممە ئادەم ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ، باي بولۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت

كادىرلىرى، ھەتتا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىچىدىمۇ سەككىز سائەت ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى قوشۇمچە كىرىمگە ئاجرىتىۋاتقانلار بار، ھەتتا بەزىلەر شەرەپلىك خىزمەتلىرىدىن چېكىنىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بەزىلەر كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالدى. بەزىلەر پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە خىزمەتتىكى قولايلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. لېكىن سىلەرنىڭ كوماندىرلىرىڭلار ئىسسىق ئۆي ۋە ئائىلە مېھرىدىن كېچىپ، خوتۇن - بالا چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېگىز تاغدا سىلەر بىلەن بىللە يېتىپ قوپۇپ، ئوتۇڭلاردا كۆيۈپ، سۇيۇڭلاردا ئېقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئامانلىقى، خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئۆز شەخسىيىتىنى قۇربان قىلىۋېتىپتۇ. ھازىرقى كۈندە مۇنداق ئىستىل ۋە پەزىلەتنى قەدىرلەش كېرەك. مەن سېنىڭ يازغان خېتىڭدىنلا مۇشۇنداق قاراشقا كەلدىم. جاسارەت، چېگرىدا سىلەردەك پاسىبانلار بولمىسا، بىز مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇيالامتۇق؟ دېھقانلار خاتىرجەم يەر تېرىيالامتى؟ ئالىملار، ئىنژېنېرلار خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنالامتى؟ ئەمدى بىلدىم، سىلەرنىڭ تارتقان جاپايىڭلار بىزنىڭ راھىتىمىز ئۈچۈنكەن. سەن خېتىڭدە ھەربىي تۇرمۇشنىڭ جاپاسىدىن ۋايسايسەن، بۇ توغرىدا سېنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن. سەن ۋايسىمىغان بولساڭ، مەن يۇقىرىقى ھەقىقەتنى بىلمىگەن بولاتتىم. جاسارەت، مەن يېقىندا بىر كىتابتىن X VIII ئەسىردىكى فرانسىيە ئىمپېراتورى ناپالېئوننىڭ 〈ئوفىتسېر بولۇشنى ئويلىمىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس〉 دېگەن بىر جۈملە سۆزىنى كۆرۈپ قالدىم. گەرچە ناپالېئون داڭلىق ئىستېلاچى ۋە بۇرژۇئا ھەربىي ئالىمى بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ھەقىقەت بار. مەن سېنىڭ بىر ياخشى كوماندىر بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن ...»

خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە يېنىمدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام باشلىقىمىز كېرىم ئىكەن. ساقچىخانا باشلىقى كېرىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ

دېدى :

— ھە ، جاسارەت ، ھېلىقى خەتنى ئوقۇۋاتامسەن ؟ — شۇنداق باشلىق . بۇ قىز مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى .

— ئۇ ھازىر ئۈنىۋېرسىتېتتىمۇ ؟

— شۇنداق ، ئۇ ئۈنىۋېرسىتېتكە كەتكەن . مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ... — گېپىمنىڭ داۋامىنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ خەتنى پۇرلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ بېدە توغراشئۇچۇن جادۇغا ئېگىلىشتىم .

— قېنى ئۇكام ، ئولتۇرغىن ، ئىككىمىز بىردەم مۇڭدىشايلى ، سەل تۇرۇپ بېدىنى بىرگە توغرايمىز ، — دېدى باشلىقىمىز كېرىم يېنىمدا بېدە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — سەن قىسمىغا كەلگەندىن كېيىن ھەر جەھەتتىن ياخشى ئىشلەۋاتىسەن . بەلكى ئەسكەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى سېرىق چاپاننىڭ مۇنچىۋالا جاپاسى بارلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن بولغىيتىڭ ، لېكىن سەن چىدىدىڭ . سېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىڭدىن ئۈمىد بار . سەن چوقۇم ئۆز تۇرمۇشۇڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايسەن ، مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب ، سەن مېھنەتنى ياقتۇرىسەن ، سەندە سەۋىيە بار . بىلىمەن ، سەن ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىسەن . بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان . بىز بۇ يەردە سېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇڭ ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرەلمىدۇق . مەن باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە . 1964 - يىلى ئەسكەرلىككە كىرىپ ، شىزاڭ ئالىي رايونىدا تۇردۇم . 1969 - يىلى ئەسكەرلىكتىن چېكىندىم . 1971 -يىلى ج خ ئىدارىسىغا كېلىپ مۇشۇ ساقچىخانىغا چىقتىم . 1980 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قۇرۇلدى ، مەن يەنە مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن . مەن نېمىشقا

مۇشۇ يەردە تۇردۇم ؟ مەن مۇنداق دەپ ساڭا ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ئىستاژىمنى پەش قىلماقچى ئەمەس ، مېنىڭ قولۇمدا سېنىڭدەك جەڭچىدىن نەچچە يۈزى تۇردى . بەزىلىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ۋاقتىنى تۈگىتىپ شەرەپ بىلەن قايتتى ، نەچچىسى كادىر بولۇپ قالدى . مەن پەقەت سېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىڭنى تىلەيمەن . راستىنى ئېيتسام ، سەندىن يېقىندىن بۇيان ئەنسىرەپ قالدىم ، شۇنداقتىمۇ ساڭا ئىشىنىمەن .

— باشلىق ، مەندىن نېمىشقا ئەنسىرەپ قالغانلىقىڭىزنى سورىسام بولامدۇ ؟

— ئەگەر كۆڭلۈڭگە كەلمىسە ئېيتىپ بېرىمەن .

— مېنى خاتىرجەم بولسۇن دېسىڭىز كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا دەۋېرىڭ . كىشى ئۆز ئەيىبىنى ئۆزى بىلىپ كېتەلمەيدۇ . مەندىن ئۆتكەن ھەرقانداق سەۋەنلىك بولسا ، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭ ، ئۆزگەرتىشكە ، تۈزىتىشكە تىرىشىمەن .

— يېقىندىن بۇيان ، ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇۋاتقان بىر قىزدىن ساڭا خەت كېلىۋاتىدۇ . بىلىشىمچە ، بۇ قىز سېنىڭ بۇ-رۇنقى ساۋاقدىشىڭ ياكى مۇھەببىتىڭ . ئۇ ، سەندىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ؟ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ، ئۇ چوڭ شەھەردە ، بىر بولسا سەندىن پۇل تەلەپ قىلىدۇ ، مۇنداق بولسا سەن تەڭقىسلىقتا قالىسەن - دە ، خىزمەتتە خاتىرجەم بولالمايسەن ، چۈنكى سىلەر مائاشلىق ئەمەس . ئەگەر ئۇنداق دېمىگەندە ، ئەسكەردىن بالدۇرراق قايتىپ خىزمەت تاپ دەيدۇ . بۇنىڭ بىلەن يەنە سېنىڭ خاتىرجەملىكىڭ بۇزۇلىدۇ . قانداق دەيسەن ؟ — باشلىق ماڭا قارىدى . مەن بىزنىڭ كوماندىرلارنىڭ ئىشنى بۇنداق ئىنچىكە ئويلايدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئى-كەنمەن . بىزنىڭ كوماندىرلار جەڭچىلەرگە ئېغىزدا ئەمەس ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق كۆيۈنىدىكەن . مەن ساقچىخانا باشلىقى

كېرىمگە بۇگۇن باشقىدىن ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلاپ، خەتنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ دېدىم:

— باشلىق، دېگەنلىرىڭىز توغرا، لېكىن بىزنىڭ خەت ئالاقىمىزنىڭ مەزمۇنى ئۇنچىۋالا دەرىجىدە ئەمەس، مۇنداق دېسەم سىزگە قاتتىق تېگىپ كەتمىسۇن. ئەگەر خالىسىڭىز بۇ خەتنى كۆرۈپ بېقىڭ، — ئامانگۇلدىن كەلگەن خەتنى ساقچىخانا باشلىقى كېرىمگە ئۇزاتتىم. باشلىق مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— مەن ساڭا ئىشىنىمەن، خەت ئۆزۈڭگە تەئەللۇق ئىچكى ئىشىڭ. ئىككىنچى بىر كىشى سېنىڭ مەخپىيىتىڭ ۋە شەخسىيىتىڭگە ئارىلاشسا قانداق بولغىنى؟ — دېدى.

— ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

— بولدى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ئىشەنچ. سەن ماڭا ئىشەنسەڭ، ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىنى مېنى خەۋەردار قىلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ. بولدى، مەن خېتىڭنى كۆرگەندەك بولدۇم، — ساقچىخانا باشلىقى كېرىم سائىتىگە بىر قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا يىغىلىش پۈشتەكى چېلىندى. ئىككىمىز تەڭ ئاتخانىدىن چىقىپ مەشىق مەيدانىغا قاراپ يۈگۈردۇق. سەلەي پەيجاڭ بىزگە دىققەت كوماندىسىنى بەرگەندىن كېيىن، ساقچىخانا باشلىقى كېرىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەربىي سالامدىن كېيىن دېدى:

— يولداش باشلىق، جەڭچىلەر بۇيرۇقىڭىزغا تەييار!

ساقچىخانا باشلىقى كېرىم ئالدىغا ئۆتۈپ بىزگە راھەت كوماندىسىنى بەرگەندىن كېيىن بۇيرۇقنى ئوقۇدى:

«بۇيرۇق: يولداش جاسارەت ئات بېقىشتىن قالدۇرۇلدى. ئىككىنچى بەندىن ۋاڭ جىڭخەي ئات بېقىشقا تەيىنلەندى». ئۈچ بەن ئەسكەر بۇيرۇققا قۇلاق سېلىپ ئۇن - تىنسىز تۇرۇشاتتى.

مەنمۇ ئۇچىنچى بەننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئىدىم . مېنىڭ ئاتخانىدىن چىققانلىقىمنى تەبرىكلەشكەندەك جەڭچىلەر ئاستا قايرىلىپ ماڭا قاراشتى . بۇ بۇيرۇق مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بۇيرۇق بولغان ئىدى . مەنمۇ مۇشۇنداق بىر بۇيرۇق بىلەن ئاتخانىدىن چىقىپ باشقىلار توقۇپ بەرگەن ئاتنى مىنىپ تاغلارنى ئارىلاپ ، چېگرا چارلاشنى ياكى يايلاقلاردىكى يەرلىك چارۋىچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ ، تونۇشۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم . خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىۋېتىشكە تاس قالدىم . جەڭچىلەرمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەشتى . بەلكى مەنمۇ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندىمەن . ئادەم دېگەن كۆڭلىگە ياققان ئىشنى كۆرگەندە ، كۆڭلىگە ياققان گەپنى ئاڭلىغاندا كۈلۈمسىرەيدۇ . ماڭا ياندىشىپ تۇرغان ئەنۋەرمۇ مېنى تەبرىكلەپ بېقىنىمغا ئاستا نوقۇپ قويدى . ساقچىخانا باشلىقى كېرىم بۇيرۇقنى داۋام قىلدى . « لى چياڭ ئاشپەزلىكتىن قالدۇرۇلدى . جاسارەت ئاشپەزلىككە تەيىنلەندى » بۇ گەپ بىلەن بايىقى شادلىقىم يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۇچۇپ كەتتى . «ئەجەب ئىش ـ ھە ؟ ئەمدى ئاتخانىدىن چىقىرىپ ئاشخانىغا سولامدىكىن مېنى ؟ مەن زادى رازۋېدچىك بولالمايدىغان ئوخشايمەن » . شۇ چاغدا ئېسىمگە ئامانگۈلنىڭ « سېنىڭ بىر ياخشى ئوفىتسېر بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن » دېگەن سۆزى چۈشتى . ئامانگۈل شۇ تاپتا بۇ گەپنى قۇلاق تۈۋىمدە ئۆز ئاغزى بىلەن دەۋاتقاندەك بولدى .

سەلەي پەيجاڭنىڭ « تارقال ! » دېگەن كوماندىسىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىگەن بولسا كېرەك ، باشقىلار ئاللىقاچان تارقىلىپ مەيداندىن كەتكەن بولسىمۇ ، مەن جايىمدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتىمەن . « توۋا ، — دەيتتىم ئىچىمدە ، — ئاتخانىدىن چىقىپ ئاشخانىغا كىرىش خۇددى « مۇزخانا » دىن چىقىپ « تۇزخانا » غا كىرگەندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ ؟ قارشىلىق

قىلايمۇ ؟ ياق ! بولمايدۇ ، چۈنكى مەن ھەربىي ، مەن كەلگۈسى بىر ياخشى ئوفىتسېر بولۇشقا بەل باغلىدىم . راستىنى ئېيتقاندا ، ئىلگىرى مەن ئوفىتسېر بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان ، پەقەت ئامانگۈلنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئوفىتسېر بولۇشقا بەل باغلىدىم . بوپتۇ ، مەن ئاشخانىدا ئىشلەي ، كىم ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلالىغان ؟ بۇيرۇققا بويسۇنۇشۇم كېرەك ، چۈنكى مەن ئەسكەر ... !

ئات بېقىش قانچە تەسكە چۈشكەن بولسا ، ئاشپەزلىك قىلىشمۇ شۇنچە تەسكە چۈشتى . ئەسكەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئانامنىڭ خېمىر يۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى ، گۈرۈچ يۇيۇۋاتقانلىقىنى ، ئوچاققا ئوت ياققىنىنى ، كۆكتات توغرىغىنىنى كۆرگەنمەن . ئانام مېنى تاماق ئېتىشكە سالمىغان ئىكەن . لېكىن ، يول ماڭسا ئېچىلىدۇ ، دېگەندەك ، مەنمۇ ئاشپەزلىكنى قىلىش جەريانىدا خېلىلا ئۆگىنىپ قالدىم . مەن ئەسكەر بولۇشتىن ئىلگىرى ، بۇرۇن ئەسكەر بولغان بىر قوشنىمىزدىن « ئەسكەر دېگەن پەقەت ئايال بولۇپ بالا تۇغمايدۇ ، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ » دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم . ھېلىقى قوشنىمىزنىڭ دېگەن گېپى راست ئىكەن . تاماققا چىقىدىغان چاغدا پۈشتەك چېلىنىدىمۇ بولدى ، ئەسكەر دېگەن قاتار تىزىلىپ تاماق زالىنىڭ ئىشىكىدە ئىنقىلابىي ناخشىدىن بىرنى ئوقۇيدۇ ، ئاندىن زالغا كىرىدۇ . شۇ چاغدا سەن تاماقنى تەييار قىلىپ شىرە ئۈستىگە رەتلىك قىلىپ تىزىپ بولۇشۇڭ شەرت . جەڭچىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا مەن ئاشخانىغا كىرىمەن ، كەچتە يەنە سەھەرنىڭ تەييارلىقى بىلەن كەچ ياتىمەن ، يۈز - كۆزلىرىمدىن كۆمۈرنىڭ قارىسى ، قوللىرىمدىن خېمىرنىڭ يۇقى كەچكىچە كەم بولمايدۇ . بىر كۈنى كەچ ھەممە ئىشلارنى تۈگىتىپ ياتاققا كىرىپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشۇمغىلا زاپخوز كىرىپ :

— چاققان ئاشخانىغا كىرگىن ، — دەپلا چىقىپ كەتتى ، بۇ كېچىدە يۇقىرىدىن مېھمان كەلگەنمىدۇ . زاپخوزنىڭ جىددىي-لىشىپ كەتكەنلىكىدىن قارىغاندا چوقۇم يۇقىرىدىن بىر باشلىق كەلگەن بولسا كېرەك ، دېگەن خىيال بىلەن ئاشخانىغا كىردىم - دە ، زاپخوزدىن سورىدىم :

— قايسى باشلىق كەپتۇ ؟

— باشلىق كەلگىنى يوق !

— ئەمىسە نېمە بولدى ؟

— سەن تېخى بىلمەيسەن ، بەزىدە مۇشۇنداق ئىشلارنى ساقچىخانا باشلىقى تۇيۇقسىز قارار قىلىپ قالىدۇ . بۇگۈن تۈن يېرىمدىن كېيىن بىرىنچى بەن جىددىي رازۋېدكىغا چىقىدىكەن . ئاۋۋال چاي قايىنىتىپ سۇدانلارغا قاچىلاپ ، ھەربىر جەڭچىگە بىر كىلودىن گۆش تەييارلا ، موما بارمۇ ؟

— بىرىنچى بەنگە يەتكۈدەك موما بار !

— ئۇنداقتا ياخشى ، يەتكۈدەك تۇزلۇق سەي ، خام سەي تەييارلاپ قويۇپ ئاندىن ئارام ئالغىن . ئەتىگەنلىك تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن .

— بولىدۇ . سىز چىقىپ ئارام ئېلىڭ .

زاپخوز چىقىپ كەتتى . ئوچاققا ئوت يېقىپ ، يۇقىرى بېسىملىق قازاننى ئاستىم ، قاپقارا پارقىراپ تۇرغان كۆمۈرنى ئوچاققا سېلىپ گۆشنى پارچىلاشقا كىرىشتىم . گۆشنى پارچىلاپ بولغۇچە چايمۇ قايىندى . چاينى ھەربىر جەڭچىنىڭ سۇدانلىرىغا قاچىلاپ ، گۆشنى قازانغا سېلىپ ، پار چىقىرىش تۆشۈكچىلىرىنى تەڭشەپ ، ئوتنى راسا ئۇلغايتىپ قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈن ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى تاشلاپ قىڭغايدىم . ھاۋاسى شالاڭ بۇ قارلىق تاغ باغرىدا گۆش 50 — 60 مىنۇتسىز پىشمايدۇ . شۇڭلاشقا ، پىشقىچە ساقلاش كېرەك ، ھەي ئۇيقۇ ،

كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان ئۇيقۇ . مەن ئورۇندۇقتا شۇ قىڭغايغانچە خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن . ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن . كۈن تىكلىنىپ هاۋا ناهايىتى ئىسسىپ كەتكەنمىش ، بارلىق جەڭچىلەر جۇڭگو - ۋېيتنام چېگرا لىنىيىسىدىكى بىر قۇملۇقتا جەڭگىۋار هالەتتە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقۇدەكمىش . هەممىمىز ئۇسساپ كەتتۇق ، تەشنالىق دەستىدىن كالپۇكلىرىمىز گەزلىشىپ ، يۈرەكلىرىمىز قاخشاپ كەتكەنمىش ، جەڭچىلەر هاسىراپ - هۆمىدەپ ئاران مېڭىۋاتىمىش ، سەلەي پەيجاڭ ماڭا « جاسارەت ، بىز مۇشۇ يۇلغۇن تۈۋىدە ئارام ئالىمىز ، سەن مۇشۇ يەردىن غەربكە قاراپ بىر كىلومېتىر ماڭساڭ بىر بۇلاق بار ، شۇ يەردىن سۇ ئېلىپ كەلگىن ، سۇنى ئىچىپ يەنە يولغا چىقىمىز » دەۋاتىمىش . مەن بارلىق سۇدانلارنى يىغىشتۇرۇپ ، غەرب تەرەپكە بېرىپ سۇ ئېلىپ كەلسەم ، هېلىقى يۇلغۇن تۈۋىدە سەلەي پەيجاڭ بىلەن جەڭچىلەر يوقمىش . مەن بار ئاۋازىم بىلەن « سەلەي پەيجاڭ ! » دەپ ۋارقىراۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم . سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ، ئاشخانىنىڭ ئىچى خۇمداندەك قىزىپ ، ئاتەشتەك يالقۇن چىقىرىۋېتىپتۇ . تام - تورۇسنى قويۇق هور قاپلاپ كېتىپتۇ . ئىشىكنى ئاران ئېچىۋېتىپ ، قازان بېشىغا يۈگۈردۈم . يۇقىرى بېسىملىق قازان قىپقىزىل چوغقا ئايلىنىپ قاپتۇ . ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ، مەن ئالدى - كەينىمگە يېنىپ بولغۇچە ، ياسىن بەنجاڭ جەڭچىلەر بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ كېلىشتى . قولۇمغا پەلەي كىيىپ ، قازاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپلا يەرگە ئالدىم . قازان شۇنچە يەڭگىل ئىدى ، ئوچاقتا ئوت يەنىلا لاۋۇلداپ كۆيمەكتە . قازاننىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ سېپىپ سوۋۇتقاندىن كېيىن ، تۈۋاقنى ئاچتىمۇ ، بېشىم پىررىدە قايدى . پېشانەمنى تۇتقان پېتىم ئولتۇرۇپ قالدىم . ياسىن بەنجاڭ قازاننى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەرگە قويغاندىن كېيىن :

— يولداش جاسارەت ، بۇ قازاننىڭ تېگى ... ؟ — دەپلا تۇرۇپ قالدى . قازاننىڭ تېگى ئېرىپ چۈشۈپ قالغان . بالايى - قازا تېرىلغان ئىدى . ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتىم ، دېدىم ئىچىمدە . يۈقىرى بېسىملىق بىر قازان نەچچە پۇل ؟ پۇلنىغۇ مەيلى ، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىچۇ ؟ مۇشۇنىڭ بىلەن مېنى يا ئەسكەرلىكتىن قوغلاندى قىلىدۇ ياكى بىر جازا يازىدۇ . ئارخىپىمغا بىر جازا يېزىلىدىغان بولدى ، ئەمدى كەلگۈسى ئىستىقبال ، ھەربىي مەكتەپكە بېرىش ، ياخشى ئوفىتسېر بولۇش دېگەندىن سۆز ئېچىش ئۇخلاپ چۈش كۆرگەن بىلەن تەڭ . ئاھ ، خۇدا ، مەن راستىنلا شور پېشانە ئىكەنمەن . سائىتىمگە قارىدىم ، يۇقىرى بېسىملىق قازان ئوچاق ئۈستىدە توپتوغرا ئىككى يېرىم سائەت تۇرۇپتۇ . مەن ئىككى يېرىم سائەت چۈش كۆرۈپ ، راھەتلىنىپ ئۇخلاپتىمەن . خۇدا كۆڭلۈمگە سالغاندەك پار چىقىرىش تۆشۈكچىلىرىنى تەكشەپ قويۇپتىمەن ، بولمىسا قازاننىڭ پارتلاپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى . ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى قايسى ھالەتتە كۆرەر ئىدىم ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى .

ھەي ، نەس باسقان جاسارەت ، نەس باسقان ئۇيقۇ . بىرىنچى بەن ۋەزىپىگە مېڭىپ كەتتى .

كىچىك ۋاقتىمدا مومامدىن « تۆمۈرچىلەرنىڭ پىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئوچاقتىكى قىپقىزىل تاۋلانغان تۆمۈرنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئېلىپ بىر - بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ بىرلا مىجىپ يەملەپ قويىدىكەن » دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم . بۇگۈن مومامنىڭ ئاشۇ گېپى ئېسىمگە كېلىپ داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەپ قالدىم . قېنى سەن ھەي تۆمۈرچىلەرنىڭ پىرى داۋۇت . ھەقىقىي پىر بولىدىغان بولساڭ ، بۇ قازاننىڭ تېگىنى يەملىۋەت ! ئەتە سەلەي پەيجاڭ ، ساقچىخانا باشلىقى كېرىم ئالدىدا تىرناق

تاتلاپ تۇرماي، ئەگەر، مۇشۇ ئەتراپتا يۇقىرى بېسىملىق قازان زاۋۇتى بولغان بولسىدى، بېرىپ زاۋۇت باشلىقىغا يالۋۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە قازاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. ھەر نېمىدېگەن بىلەن ئۆزۈمنىڭ شورى، ئۆزۈم بىخەستە. ئەمدى بېرىدىغان چارىنى ياۋاشلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق، بۇ قازان نەچچە پۇلدۇ؟ دەيتتىم ئىچىمدە، تۆلەپ بەرسەم يەڭگىلەرەك چارە بېرەرمىكىن — تاڭ؟ ئامانگۈل، مېنى كەچۈر، مەن كەلگۈسىدە ياخشى ئوفىتسېر بولالمايدىغان بولدۇم. چۈنكى، مەن ھازىر ياخشى ئەسكەر ئەمەس. ياخشى ئوفىتسېر ياخشى ئەسكەردىن چىقىدۇ. مېنىڭ بىخەستەلىكىم، پاڭقۇشلىقىم مېنى مۇشۇ كويغا سالدى.

تاڭ ئاتتى. سەلەي پەيجاڭغا ياۋاشلىق بىلەن ھەممىنى دوكلات قىلدىم. بىردىنبىر ئاماللۇ شۇ ئىدى. دوكلات قىلماي نېمە چارە؟ «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، دېمەي دېسەممۇ قازان «مانا مەن» دەپ گۇۋاھچى بولۇپ تۇرسا نېمە ئامال؟

سەلەي پەيجاڭ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، زاپخوز بىلەن ئاشخانىغا كىردى. قازاننى كۆرگەندىن كېيىن زاپخوزغا ۋارقىرىدى:

— سەنمۇ مۇشۇ كۈنلەردە كۆرەڭلەپ قالدىڭ، ئاشپەزگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويۇپ، قۇيرۇقىڭنى خادا قىلغۇچە، بىرگە بولغان بولساڭ بولماسمىدى؟ — زاپخوز ئۈن - تىنسىز يەرگە باقتى. ئاندىن ماڭا قاراپ:

— ھەي جاسارەت، سەنزە... — دېدى - دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. سەلەي پەيجاڭ ماڭا پەقەت ئاچچىقى كەلگەندە دەيدىغان «سەنزە» دېگەن گېپىنى دېدى، خالاس. ئىش مەن ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

سەلەي پەيجاڭ ياكى ساقچىخانا باشلىقى كېرىم بۇ ئىشنى يۈزۈمگە قايتا سالمىدى ، يىغىنلاردا تەنقىد قىلىپ ماڭا تەكشۈرۈشنامە ياز- دۇرمىدى . نېمىشقا شۇنداق قىلغاندۇ ؟ بەلكى مېنى ئاسراپ قالغان بولسا كېرەك .

## قەدىمكى ياغمىلار ھەققىدە رىۋايەت

4 - ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، بۇ يەردە باھارنىڭ ئالامەتلىرىدىن دېرەك يوق ، زېمىن ئاپئاق قار ئاستىدا جىمجىت ئۇخلاپ ياتاتتى . شىۋىرغان ئۇشقىرتاتتى . ھەپتىدە بىرنەچچە قېتىم لەپىلدەپ قار يېغىپ تۇراتتى . قۇياشنىڭ جامالىنى بەزىدە ھەپتىلەپ كۆرمەيمۇ قالاتتۇق . ئاقتاش ئەتراپى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئېرىيدۇ ، 8 - ئايلاردا يەنە قار ئاستىدا قالى- دۇ . بۇ يەردە باھار ۋە يازنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولمايدۇ . نېمە ئامال ؟ بىزنىڭ گازارما مۇشۇ يەردە . ئەتىگەن ، سەلەي پەيجاڭ :

— بۈگۈن ھاۋا يەنىلا بۇزۇق تۇرىدۇ . جاپا چېكىپ قالى- دىغان بولدۇق ، — دېگەن ئىدى . مەن :

— كېرەك يوق ، پەيجاڭ . ھاۋا بۇزۇلسا بۇزۇلۇۋەرمەمدۇ ؟ بۇزۇلۇش ، ئېچىلىش ھاۋانىڭ ئىشى ، رازۋېدكىغا بېرىش مېنىڭ ئىشىم ، دېگەن ئىدىم . سەلەي پەيجاڭ سەل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ :

— ھەربىي ئىشلاردا ھاۋا رايىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ، ھەرىكەتتە ھاۋا رايى بىلەنمۇ ماسلىشىش لازىم . كوماندىر بولغان كىشى بۇيرۇق بېرىشتىنلا بىلمەي ، ھاۋا رايىنىمۇ بىلىشى لازىم ، — دېگەن ئىدى . مەن :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ھېلىغىچە ھاۋا ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئىدىم . بىز يولغا چىققىلى مانا بىر سائەت- تىن ئاشتى ، لېكىن قۇياش جامالىنى كۆرسەتكىنى يوق .

جەڭچى لى چياڭ، خەلق ئەسكىرى قۇربانىيك ئۆچىمىز بىرگە مېڭىۋاتىمىز. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم رازۋېدكىغا چىقىشىم ئەمەس. بىر ئاي ئىلگىرى ئۆرۈمچى كوماندىرلار مەكتىپىگە ئىمتىھان بەرگەن ئىدىم، ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسام ئەمدى بۇنداق رازۋېدكىغىمۇ چىقالماسمەن، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسەت، تارىخ، ھەربىي تاكتىكا دېگەنلەردىنغۇ ياخشى ئىمتىھان بەردىم. چىقارغان سوئاللارمۇ مەن ئۆچۈن ئانچە مۇرەككەپ تۇيۇلمىدى. لېكىن يەنە شۇ ماتېماتىكا، شۇنىڭدىن كۆڭلۈم سەل بىرىم قالدى. بۇ قېتىم ھەربىي مەكتەپكە بەرگەن ئىمتىھان نەتىجەم ياخشى بولۇپ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ قالسام ئالدى بىلەن ئامانگۈلگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا يازغان خېتىدە «كىتاب ئوقۇشنى تاشلىما، بىلىم ھەرقاچان،ھەرجايداساڭايار ـ يۆلەك بولىدۇ» دېمىگەن بولسا، مەن كىتاب ئوقۇشنى تاشلاپ قويياتتىم ـ دە، ئىمتىھانىنىمۇ ياخشى بېرەلمىگەن بولاتتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن كۆڭلۈم توق. ئەگەر بۇ قېتىم ئۆتەلمىگەن بولسام، كېلەر قېتىم چوقۇم ئۆتىمەن، بولدىلا، ئىمتىھان توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى تاشلاي،چۈنكى ھازىر مەن رازۋېدكىغا كېتىپ بارىمەن. مەن تۇنجى قېتىم مۇشۇ يول بىلەن رازۋېدكىغا ماڭغان. ئەمدى خىيالدىن خىيال تۇغۇلۇپ، شۇ قېتىم رازۋېدكىغا ماڭغان چېغىم ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا سەلەي پەيجاڭ ماڭا:

— جاسارەت، سەن بۈگۈن تۇنجى قېتىم رازۋېدكىغا كېتىۋاتىسەن، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، رازۋېدچىك بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس. تاماق ئېتىش، ئات بېقىشقا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ۋەتەن چېگرىسىدىكى ھەربىر جىلغا ـ جىرالارنى، تاغ چوققىلىرى ۋە ئېغىزلارنى، ھەربىر گىياھ ۋە ھەربىر قورام تاشنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان بولۇش لازىم، — دېگەن

ئىدى. مەن تېخى بۇ چېگرا لىنىيىسىنىڭ يەر شارائىتىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىدىم. تاغلار ئېگىز، ھاۋاسى شالاڭ، بەزى چاغلاردا ئادەم قورقۇنچلۇق ياۋايى مەخلۇقلارغىمۇ يولۇقۇپ قالىدۇ تېخى. مانا ئۇچەيلەن ئاتلارنى ئويىنىتىپ، «قىلىن چاتقال» دېگەن تاغ ئاستىغا كېلىپ قالدۇق. بۇ تاغنىڭ ئۇستى قويۇق قارىغاي بىلەن، باغرى شىلۋە، زىرىخ ۋە چاكاندىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ يەر 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ناھايىتى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشى يېرى شۇكى، تاغ ئۇستىدە جاننى راھەتلەندۈرىدىغان بىر ئىسسىق بۇلاقمۇ بار، ياز كۈنلىرى رازۋېدكىغا چىققان چاغلاردا ئانچە ـ مۇنچە چۆمۈلۈپمۇ قويىمىز. يەرلىك خەلق بۇ بۇلاقنى «شىپالىق بۇلاق» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ تاغنى بويلاپ ماڭسا، قارا كۆل يېزىسىغا بارىدىغان بىر چىغىر يول بار. بۇ چىغىر يولنى كىشىلەر «يۇنۇس يول» دېيىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇندىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى يۇنۇس دېگەن كىشى قارا كۆلدىن كەڭسايغا كېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ماڭغان. كېيىنكى كىشىلەر شۇنىڭ ئىزى بىلەن ئات ـ ئېشەك ماڭالايدىغان قىلىپ يول ياسىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولنىڭ نامىنى ئاشۇ يۇنۇسنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ كەلگەن. «يۇنۇس يول»ى چېگرا لىنىيىسىگە بەك يېقىن بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر بەك ئاز قاتنايدۇ. يازلىقى مال بېقىشقا چىققان چارۋىچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئەسكەرلەر يېزىغا بېرىش ئۈچۈنلا قاتنايدۇ. بۈگۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دەل مۇشۇ تاغ باغرىدا بولغان بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن يىل يازدا ئات بېقىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. ئاتلارنىڭ كۆزى بولغان كۆل رەڭ قاشقا تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قالدى. ھەممىمىزنىڭ پىكىر ـ خىيالى شۇ ئات ئۇستىدە قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىخانا باشلىقى كېرىم مېنى چاقىرىپ، «ئاتنى يېزا

مال دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغىن » دېدى . مەن ئاتنى يېتىلەپ ، مۇشۇ « يۇنۇس يول » بىلەن يولغا چىقتىم . شۇ كۈنى چۈش بىلەن يېزىغا يېتىپ باردىم . مال دوختۇرى ئاتنى كۆرۈپ ، ۋاقىتىدا ئېلىپ كەپسەن دەپلا داۋالاشقا كىرىشتى . لېكىن نېمە كېسەل تەگكەنلىكىنى دېمىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئات خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ . دوختۇر ماڭا :

— يەنە 15 — 20 كۈن چېگرىغا مىنىپ بارماڭلار ، ئوبدان ئارام ئالدۇرساڭلار ياخشى بوپ كېتىدۇ . سەن مىنىپ ماڭساڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى . ئاتنى مىنىپ ئاستا يورغىسىغا قويۇپ بېرىپ ، « يۇنۇس يول » بىلەن گازارمىغا قايتتىم . شىپالىق بۇلاقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، كۆڭلۈمدە سۇغا چۆمۈلۈۋېلىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ قالدى . « قانداق قىلىش كېرەك ؟ ساقچىخانىدا تازا راھەتلىنىپ يۇيۇنغۇدەك مۇنچا يوق . ياتاقتا سەبداشلىرىڭدىن قورۇنۇپ پاكىزرەك يۇيۇنالمايسەن ، بۇ يەردە بۇگۈن ئۆزۈم يالغۇز ، ئالدىرايدىغان ئىش يوق ، يۇيۇنۇپ كېتەي » دېدىم ـ دە ، ئاتنى چىغىر يول بويىدىكى بىر چوڭ قورام تاشقا باغلاپ قويۇپ ، بۇلاقتا يۇيۇنۇشقا كىرىشتىم . ئەمدىلا كىيىمىمنى كىيىۋاتاتتىم ، ئات تۇيۇقسىز ئەنسىز كىشنەپ كەتتى . ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىنىپ ، مىلتىقىمنى ئېلىپ ئات تەرەپكە يۈگۈردۈم . ھەي ، قارىمامدىغان ماۋۇ پېشكەللىكنى . توپاقتەك يوغان بىر قارا ئېيىق ئاتقا خىرىس قىلىپ ، ئاتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ . ئېيىقنى كۆرۈپ يۈرىكىم قارت قىلىپ كەتتى . ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە يولۋاستىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى ئىلگىرى ھايۋاناتلار باغچىسىدا كۆرگەن . بۈگۈن بۇ يەردە كۆرۈۋاتىمەن . تېخى يېقىندىلا يەرلىك خەلقتىن ئېيىق ئاتقان مەرگەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدىكى بىر مۇنچە قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئاڭلىغان . مېنىڭ قولۇمدا

مىلتىق بار . لېكىن بۇ يەر ئوق چىقىرىش مەنئى قىلىنغان چېگرا لىنىيىسى ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئاتنى ئېيىققا تاشلاپ بېرىپ پىيادە كېتىپ قالايمۇيە ، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ . ۋىجدانىم ماڭا بۇيرۇق بېرەتتى . « ھەي جاسارەت ، گۇمپاڭ بولسا كۆرسەت ، بۇگۇن كۆرسەتمىسەڭ قاچان كۆرسىتىسەن ؟ سەن چامباشچىلىقنى ، سانجىش ھەرىكىتىنى نېمىگە ئۆگەنگەن ؟ ئوق چىقىرىشقا بولمىسا ئۇر ، سانجى » ئادەم ھەممىگە قابىل . ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قورقۇنچ دېگەننى ئۇنتۇپ ، ھەيۋە بىلەن ۋارقىراپ ، ئېيىققا ئوقتەك ئېتىلدىم ، بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى ھەيۋەمدىن قورقۇپ قاچارمىكىن دېگەن ئىدىم ، نەدىكىنى ، ئۇ ئاتنى تاشلاپ بار كۈچى بىلەن ماڭا ئېتىلدى . ھايات – ماماتلىق ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى . ئېيىق ئېتىلىپ كېلىش بىلەن شارتتىدە ئۆزۈمنى يانغا ئېلىپ ، مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى بېقىنىغا بىر تىقىپلا نارتىۋالدىم . بار كۈچى بىلەن ماڭا ئۆزىنى ئۇرغان ئېيىق ئۆزىنىڭ تورى بىلەن ئىككى مېتىرچە نېرىغا غۇلاپ چۈشتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەيزە تىقتىم . ئاللا ئىگەم بۇ مەخلۇقنى كۈچلۈك ، ۋەھشىي ياراتقىنى بىلەن پۇت قولىنى چاققان ياراتمىغان ئىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن قانچە قېتىم ، قايسى يېرىگە نەيزە تىققانلىقىم ئېسىمدە يوق . مەن ھەم قېچىپ ، ھەم قوغلاپ يۈرۈپ ، ئالدى – كەينى ، يان تەرەپلىرىگە سانجىۋەردىم . يا چىشلىۋالسا ياكى ئۆتكۈر تىرناقلىق پۇتلىرى بىلەن چاڭگاللىۋالسا ئىشىمنىڭ تۈگىگىنى شۇ ئىدى . ئەمما بۇ پالاكەت مەخلۇقنىڭ ئالدىدا چاققانلىقىم غالىب كەلدى . يارىلانغان ئېيىقتىن چاچرىغان قان ئەتراپنى ، باش – كۆزۈمنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى ، قانىنىڭ كۆپ ئېقىشى ۋە مېنىڭ قاتتىق ئۇرۇشۇمدىن بارا – بارا ھالسىزلانغان ئېيىق ماڭا ئېتىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ، ئارقىغا چېكىنىپ ، ئىككى مېتىردىن ئارتۇقراق چوڭ-

قـۇرلـۇقـتــكى بىر جىراغا غۇلاپ كەتتى. خۇداغا شۈكرى! مەن پـۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاتنى شارتتىدە يېشىپ مىنىپلا قاچ-تـىـم. خـېـلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئارقامغا قارىسام ئاخىرقى قېتىم غەزەپكە كەلگەن قارا ئېيىق ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ يـېـڭـىلگىنىگە تەن بەرمىگەن ئىدى. ئاتقا قامچا سالدىم. ئاتمۇ مـېـنـىـڭ نـىـيـىـتـىـمـنـى بـىـلگەندەك ئۇچقاندەك چاپاتتى. ئۈچ كـىـلـومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ئارقامغا قارىسام ئېيىق كۆرۈن-مەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشتى. ساقچىخانىغا قـايـتىپ بارغان چېغىمدا جەڭچىلەر تاماق يەۋاتقان ئىكەن. ئۇلار مـېـنـىـڭ قانغا بويالغان ئەپتىمنى كۆرۈپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بـىـلـەلـمـەي ھەيـران بـولـۇپ تۇرۇپ قېلىشتى، ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم.

ـــ سـاڭـا ئاپىرىن، يىگىت! ـــ دېدى ساقچىخانا باشلىقى كـېـرىـم بـېـشـىـمـنـى سـىـلاپ تـۇرۇپ ـــ ھەرھالـدا قـارامـلىق، تـەۋەكـكـۇلچىلىك قىلغان بولساڭمۇ غالىب كەپسەن، بۇ مەخلۇق-نـىـڭ پـايلاپ يـۈرگەن ئوۋچىلارغا ئۇچرىماي ساڭا ئۇچرىغىنىنى دېمەمدىغان. يۇقىرى ماھارەت، ئەمەلىي ئۇنۇم دېگەن مانا شۇ.

شـۇ كـۈنـى ئاخـشىمى پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى. كۆزۈمنى يـۇمـۇشۇم بىلەنلا ھېلىقى قارا ئېيىق ماڭا ئېتىلىپ كېلەتتى ـ دە، چـۆچـۈپ ئويـغىنىپ كېتەتتىم. مەن قانداقلارچە ئېيىق بىلەن ئې-لىشتىم، بۇ غەيرەت ـ جاسارەت ماڭا نەدىن كەلدى، بۇنى ھازىر پـەقـەت تـەسـەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئەتىسى قەيۇم، ئىمىنجان ۋە يا-سىن بەنجاڭلار بىرىپ ئۆلگەن ئېيىقنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دېـيـىـشـچە، ئېيىق چاتقال تېغىدىن چۈشۈپ ئىككى كىلومېتىرچە قوغلاپ كەلگەندىن كېيىن قانسىراپ ئۆلگەن ئىكەن.

مـانا، بۇلتۇردىن بۇ رايوننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى كۆردۈم ھەم بـىـلىۋالدىم. ھەربىر يەرنىڭ ئىسمىنى ۋە يەر شارائىتىنى بىلە-

ۋېلىش ئاسان ئىش ئەمەسكەن. سەلەي پەيجاڭ داۋاملىق «قورال تۇتقان ھەربىر جەڭچى ئۈچۈن ئۆزى ساقلاۋاتقان چېگرا لىنىيىسىدىكى ھەربىر جاينىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى بىلىش ئەڭ مۇھىم» دەيتتى. مانا، بىز چاتقال تېغىنىڭ باغرىدىن ئۆتۈپ كەڭساي تەرەپكە بۇرۇلدۇق. ئەنە كەڭسايمۇ يېقىن قالدى. ھاۋا يەنە بۇزۇلدى. قار ياغىدىغاندەك قىلاتتى. ئۈچەيلەن ئاتقا تەڭلا قامچا سالدۇق. قۇربانبېكنى رازۋېدكىدا ئەگەشتۈرۈۋېلىشتىكى مەقسەت بۇ يەرلىك يىگىتتىن تەبىئىي شارائىت ۋە يەر ناملىرىنى بىلىۋېلىش ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي لەپىلدەپ قار چۈشۈشكە باشلىدى. كۈن چۈش بولۇپ قالغان ئىدى، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىدە ئاپئاق مۇز چوكىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن. بىزمۇ قار ئادەم تۇسىگە كىرىپ قالغان ئىدۇق. كونسېرۋا بىلەن سۇدانىدىكى سۇلىرىمىز مۇزلاپ قاپتۇ. مومىلارمۇ مۇزلاپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن. يېپىشكە ئامال بولمىدى.

— مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدىم مەن لى چياڭ بىلەن قۇربانبېككە، — شۇ يەردە قايناق سۇ ئىچىپ قورساق تويغۇزۇپ، ئاندىن ماڭايلى. ئىككىسى تەڭلا ماقۇل بولۇپ ماڭا ئەگەشتى. مۇشۇ يەردىن شەرققە بۇرۇلۇپ ئازراقلا ماڭساق ئۆتكەندە پۇتۇمنى تاڭغان مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە بارىتتۇق. مامۇت ئاكا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا «بالا باتۇر» دەپ نام ئالغان، كېيىن باتالىيون كوماندىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، بىر ئىدارىدا خىزمەت قىلغان كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىدا بىر پۇتىغا ئوق تەگكەن بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇ پۇتى ئاجىزلاپ كەتكەن سەۋەبلىك مۇددەتتىن بۇرۇنراق پېنسىيىگە چىقىۋالغان ئىكەن. ئۇ قىش - ياز «ياغمىنىڭ قىياسى» دەپ ئا-

تـىـلـىدىغان ئىگىز قىيانىڭ باغرىدىكى جىلغا ئاغزىدا ئولتۇراتتى. يـاز كـۆنـلىرى چارۋىسىنى مۇشۇ ئەتراپتا باقاتتى. قىش كۈنلىرى ئوت - چۆپ قـار ئاسـتـىـدا قـالـغـان چـاغلاردا ئـىـكـكـى ئوغـلى چـارۋىسىنى ھەيدەپ سەل تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتەتتى. مامۇت ئاكا كـەمـپـىـرى بـىـلـەن قـالاتـتـى. بىر كۈنى مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان ئىدۇق ، مامۇت ئاكا مېنىڭدىن سوراپ قالدى :

— جاسارەت ، بۇ رايوننىڭ يەر ناملىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بىلىپ بولدۇڭمۇ ؟

— ياق ، تولۇق بىلىپ بولالمىدىم . شۇ قاتاردا ھېلـىـقـى «يـاغـمـىـنىڭ قىياسى» دېگەن نامنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا تېخى ھېچ نەرسە بىلمەيمەن .

— بـۇ بىر تارىخ ، — دېدى مامۇت ئاكا ، — مۇندىن مىڭ يـىـللار ئىلگىرى بىر قىسىم چەت ئەل لەشكەرلىرى ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن بـىـزنـىـڭ زېمىنىمىزغا قەدەم تاشلاپتۇ ۋە دەل مۇشۇ قىيا ئاسـتـىـدىكى جىلغىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولۇپتۇ . شـۇ چـاغـدا مـۇشـۇ ئەتراپتا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بـولـغـان يـاغمىلار ياشايدىكەن . چەت ئەل لەشكەرلىرىنىڭ مۇشۇ يـەردىـن ئۆتۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى ئاياغ - ئاستى قـىـلـىپ ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلماقچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭـ لـىـغـان ياغمىلار بىرلىشىپ مۇشۇ قىيا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ، ئوقيا بـىلەن ئوق ، پالاقمان بىلەن تاش ئېتىپ ، تۈمەنلىگەن لەشكەرنى تـوسقان ئىكەن . شۇ غەلىبىدىن كېيىن ، باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشـۇ ئـىـشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ قىياغا « ياغمىنىڭ قىياسى » دەپ نام بەرگەن ئىكەن .

ئـىـشىك ئالدىغا كېلىشىمىزگە مامۇت ئاكا ئۆيىدىن چىقىپ بـىـزنـى خـۇشال كۈتۈۋالدى . ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىمىزدىن ئېـلـىپ تاش تامغا يانداشتۇرۇپ ئورناتقان ئات تاقىلايدىغان دارغا

باغلىدى . ئۆيگە كىرىشىمگە ئىسسىق بىر ھارارەت لاپپىدە يۈزۈمگە ئۇرۇلدى . چويۇن مەشتە ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى . مەن قورساقنىڭ ئاچقانلىقى بىلەن يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇزلاپ قالغانلىقىنى دېگەچ ، توڭلاپ كەتكەن موما بىلەن كونسېرۋانى مەشنىڭ ئۈستىگە قويدۇم .

— قارا سېنى ، — دېدى مامۇت ئاكا ، — شۇنچىلىك سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىدىڭمۇ ؟ قورسىقىم ئاچ ، دەيسەن تېخى . ھەي ، بۇگۈننىڭ بالىلىرىنى نېمىدېسە بولاركىن — تاڭ ؟ تۇر ، كىگىزگە كەل ، — مامۇت ئاكا قولۇمدىن تارتىپ كىگىزگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، داستىخان سالدى . ھەر ۋاقىت مېنى قىزغىن قارشى ئالىدىغان بۇ بوۋاينىڭ بۇگۈن سەل سەپرايى ئۆر- لەپ قالغاندەك قىلاتتى . ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى . مەن بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئېغىز ئاچتىم :

— مامۇت ئاكا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا پۇتىڭىزغا ئوق تەگكەن دەيدۇ ، قەيەردە شۇنداق بولغان ؟

— نەدە بولاتتى دەيسەن ، دەل مۇشۇ ياغمىنىڭ قىياسىدا . بۇ 1945 — يىل 10 — ئايدا بولغان ئىش . دۈشمەن مۇشۇ ياغمىنىڭ قىياسىنى بازا قىلىپ مۇشۇ رايوننى ئىگىلەپ ياتتى . مېنىڭ باتا- لىيونوم بىر قېتىملىق جەڭدە بۇ بازىنى تارتىۋالدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىزگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلدى . جەڭ كېچە — كۈندۈز داۋام قىلدى . ئوق — دورىلىرىمىز ئازلاۋاتاتتى . دۈشمەنگە ئارقا — ئارقىدىن ياردەمچى قوشۇن كې- لىپ بىزنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى . ئوزۇقلىرىمىز تۈگىدى . شۇنداق بولسىمۇ بوي بەرمىدۇق . ئالتىنچى كۈنى چۈش بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى . پۇتۇمغا شۇ چاغدا ئوق تەگكەن . مېنىڭ ھاياتىم مۇشۇ « ياغمىنىڭ قىياسى » بىلەن

باغلانغان بالام. ئۆز ۋاقتىدا ئوق تەگكەن يەر ساقايغان ئىدى، ياشلىقتا بىلمىگەن ئىكەنمەن، ئەمدى يەنە جېنىمنى قىيناۋاتىدۇ. شۇ چاغدا بىز ئۈچ كىچە - كۈندۈز ئاغزىمىزغا گىياھ سالمىغان ئىدۇق. ھەر قېتىم «ياغمىنىڭ قىياسى»غا قارىغان چېغىمدا ئاشۇ كۈنلەر يادىمغا كېلىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن گېلىم غىققىدە بوغۇلۇپ، ھېچنېمە ئۆتمەيلا قالدى. ماموت ئاكىنىڭ ھەربىر قارىشى ماڭا: مەن سەندەك چېغىمدا جەڭلەردە بولغان، بىرنەچچە كۈن ئاچ قورساق تۇرۇپمۇ جەڭنى داۋام قىلغان، سەن تېخى ئەتىگەن ساقچىخانىدا تاماق يەپ چىققان بولغىيدىڭ، چۈشكىچە چىدىماي، قورسىقىم ئاچتى دەپ ھال ئېيتىپ كەلدىڭمۇ؟ سەن قانداق جەڭچى؟ قانداق رازۋېدچىك، چېگرانى مۇشۇنداق چارلامسەن؟ دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بىردىنلا يۈزۈم قىزاردى. راست، ماموت ئاكا بىزدەك لەرنىڭ بۈگۈنكى بەختى ئۈچۈن جەڭ قىلغان، ئوق تېگىپ يارىلانغان، ئاشۇ بىر تال ئوقنىڭ يارىسى ئۇنىڭ بەدىنىدە 40 يىلدىن بۇيان ساقايماي جېنىنى قىيناۋېتىپتۇ. مەنمۇ خەلقىمىزنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن ساقلاش، تىنچ - بەختىيار تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن چېگرا ساقلاۋاتقان بىر جەڭچىغۇ! پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا، كېتىۋاتقان يولدىن قايرىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ماموت ئاكا قېرىغان چېغىدا تېخى ياغمىلار روھىغا ۋارىسلىق قىلماقچى، مەن نېمىگە ۋارىسلىق قىلمەن؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشكتىن چىقىشىمغا سوغۇق شامال نەشتەردەك يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. ماموت ئاكا ئاتنى يېشىپ، چۆلۋۈرنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئىشىك ئالدىدىكى، بۇلۇتقا باش تىرەپ، قامىتىنى كېرىپ تۇرغان « ياغمىنىڭ قىياسى » ئۈستىنى ئاقۇش تۇمان، ئاپئاق قار قاپلىغان ئىدى. قەدىمكى ياغمىلار ئىستىھكام قىلىپ، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەن، ماموت ئاكىلار

دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالغان، تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئەزىزلەپ كېلىۋاتقان بۇ مەشھۇر گىگانت تاغقا بىر قاراپ قويۇپ مامۇت ئاكام بىلەن خوشلىشىپ كەڭسايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

## قار ئۈستىدىكى ئىز

كەڭساي — بىزنىڭ چېگرا لىيەنىمىزدىكى تۈپتۈز كەتكەن شېغىل ئارىلاش سېرىق تۆپىلىك. يىراقتىن سىزىقلىرىغا نەزەر سالسا، چېگرا سىزىقىدىكى مولۇتاش①لار خۇددى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يولۋاسقا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. ھازىر ئاپئاق قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان بۇ تۈزلەڭلىك ياز كۈنلىرى كىشىگە چەكسىز كەتكەن دولقۇنسىمان كۆك دېڭىزنى ئەسلىتىدۇ. بىز كەڭساينى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ ئاقبەل تېغىنىڭ باغرىغا كەلگەندە، قارشى تەرەپتىن بىزنىڭ چېگرا سىزىقىمىزنى ئاتلاپ كىرگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتۇق. ئەسلىدىكى قېلىن قار ئۈستىگە چوڭقۇر چۈشكەن ئاياغ ئىزلىرىنى يېڭىدىن ياغقان قار تېخى كۆمۈۋېتەلمىگەن ئىدى. تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ تەۋەيىمىزگە 20 — 25 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، سىرتتىن مەخپىي كىرگەن ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى بىكىتتۇق. بىز يولدىن قايرىلىپ، مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىدە قورساق توقلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ئۈچ سائەت ئۆتتى. ھازىر تۇرۇۋاتقان جايىمىز ئېگىز، تەۋەيىمىزگە كىرگەنسېرى يەر تۈزۈلۈشى پەسلەپ بارىدۇ. قىرىشقاندەك كەچ كىرىشكە باشلىدى. بەزىدە ئادەم كىچىككىنە بىخەستەلىك تۈ-

---

① مولۇتاش — ئىككى دۆلەت زېمىنىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا سىزىقىدىكى بەلگە تېشى.

پەيلى ئۆزى ياكى باشقىلار ئۈچۈن ، ھەتتا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان زىيانلارنىمۇ سالىدۇ . بەزىدە ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ سادىر قىلىپ قويىدۇ . مېنىڭ ئىككى ئادەمنى باشلاپ مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېتىشىم مۇشۇ ئىككى ئىشپىيوننىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ بىز تەرەپكە بىمالال كىرىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن . مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرمىگەن بولساق ، ئىشپىيون بىلەن دەل مۇشۇ يەردە ، مۇشۇ ئەتراپتا دوقۇرۇشۇپ قالار كەنمىز . ياكى ئىشپىيون بىزنى كۆرۈپ ، ئادەم باركەن ، دەپ قورقۇپ ئىچكىرىلەپ كىرەلمىگەن بولاتتى . خەيرىيەت ، ئەمدى نېمە دېگەنبىلەن كېچىكتۇق . ئىز قوغلاش كېرەك ، باشقا چارە يوق . « تورنى كەڭ يېيىش ، بېلىقنى قاچۇرماسلىق » دەيدىغان مودا بولۇپ قالغان سۆزلىرىمىز بىلەن ئېيتقاندىمۇ بىز پەقەت ئۈچلا كىشى . بۆلۈنسەك ئۈچ ئېغىزنى ، بىرلەشسەك تاغ ئېغىزىنى قامال قىلالمايمىز . مۇنداق ئىكەن ، تورنى كەڭ يېيىپ ، بېلىق تۇتۇشتىن قانداق ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن . تاغ ـ دالا دېگەن شۇنچە كەڭ . يەرلىك خەلق ئولتۇراقلاشقان يەر تېخى تۆۋەندە . ھەي جاسارەت ، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن ؟ مەن ئۆزۈمنى شۇنداق ئەيىبلەيتتىم . ئەقىل تېپىشقا ئۇرۇناتتىم . پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشقا تىرىشاتتىم . ئويلايتتىم ، ئويلىناتتىم ، شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ، ئېگىز قىيا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۈيۈل تاشتەك ئۈيۈشۈپ ، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەن قەدىمكى قەھرىمان ياغمىلارنىڭ جەسۇر ، غايىبانە سىيماسى بىلەن مامۇت ئاكا باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭبىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈزلۈك شىددەتلىك جەڭدىكى جاسارىتى ، دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن پىلىموت ئېتىۋاتقان جەڭگىۋار قىياپىتى نامايان بولدى .

ھەي جاسارەت ، ئىرادە كەمرىڭنى بېلىڭگە مەھكەم باغلا .

بۇ مۇشكۇل جەڭگە ئۆزۈڭنى ئات ! ئەجدادلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئازاد زامانىنى ، ۋەتەنىنىڭ بەختەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىڭنى ئىشقا سال ، مۇشكۇللەرنى يەڭ ، بىزنىڭ غەيرەت - شىجائىتىمىزدىن ئەجدادلار روھى شادلانسۇن ! ئىزدە ، قوغلا ، ئىز باستۇرۇپ قوغلا ! توسقۇنلارنى بۆس ، سەن ئىنسان بالىسىغۇ ؟ دۇنيادا ئىنسان بالىسى قىلالمايدىغان ئىش يوق . ئىنسان بالىسىغا باش ئەگمەيدىغان مۇشكۇل يوق . ۋىجدانىم توختىماي بۇيرۇق قىلاتتى . ئۈچىمىز ئىز قوغلاپ ماڭدۇق . ئات ماققان ۋاقىتمدا چېگرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىش ئات بېقىشتىن ئاسان ، دەپ ئويلايتتىم ، ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقاندا ، ھەر كۈنى ئوچاق ئالدىدا كۆلگە بۇلىنىپ ، ئوت قالاپ قارا تەرگە چۆمۈشتىن ، خېمىر يۇغۇرۇش ، قاچا - قۇچا يىلەن ھەپىلىشىشتىن يەنىلا ئات مىنىپ چارلاشقا چىقىش ئاسان ئەمەسمۇ دېگەن تۇيغۇدا بولاتتىم . دۇنيادا ئىشنىڭ ئاسىنى بولمىسا كېرەك . ھەربىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەسئۇلىيىتى ۋە بىلىشكە تېگىشلىك قانۇنىيىتى بار ئىكەن . مەندەك بىر جەڭچىدە قارىسىغا ئىز قوغلاش ئەمەس ، ئاشۇ قوغلاپ ماڭغان ئىزنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمىسا بولمايدىكەن . ئۈچىمىز ماڭا - ماڭا 20 كىلومېتىرچە يول يۈرۈپ ئاھالەبىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان «بۇلاق » دېگەن يەرنىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ قالدۇق . ئىككى ئىشپىيون « قاراسۇ » دېگەن ئېقىننى بويلاپ ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ . ماڭغاندىمۇ خېلى تېز مېڭىپتۇ . بىزمۇ ئىز بوقاتماي قوغلاپ كېلىۋەردۇق . « قارا سۇ » ئېقىنى بويىدىن جەنۇبقا يۈرۈلۈپ ئىككى كىلومېتىرچە ماڭساق ، بۇلاق مەھەللىسىگە بارىمىز، بۇلاق مەھەللىسىگە بېرىش كېرەكمۇ؟ياكى «قاراسۇ» ئېقىنىنى بويلاپ داۋاملىق قوغلاۋېرىش كېرەكمۇ ؟

مانا ، كەچمۇ كىرىپ قالدى . بۇگۈن ماڭغان يولىمىز ئاز

ئەمەس ئىدى. توختىماي يېغىۋاتقان قار بىلەن ئەتراپ ئاپئاق تۇسكە كىرگەن، سوغۇق جاندىن ئۆتمەكتە، قاراڭغۇ چۈشتىمۇ، ئىش تۈگىدى دېگەن گەپ. بۈگۈن بىز مۇشۇ يەرگىچە ئىزدەپ كەلگەن ئىزنى كېچىچە ياغقان قار كۆمۈپ تاشلايدۇ ــ دە، ئەتە ئىز قوغلاشتىن سۆز ئېچىش ئاسمانغا چالما ئاتقانغا باراۋەر بولىدۇ. مۇشۇ يەردە ئاغزىمىزنى ھا قىلىپ ئېچىپ تۇرۇۋېلا قالىمىز، خالاس! ساقچىخانىغا خەۋەر بېرىش تېخى كېچىكتى. باياتىن ئاقبەل تېغىنىڭ باغرىدىلا ساقچىخانىغا ئادەم ماڭدۇرسام بولغان ئىكەن، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇزاق ئويلىنىپ مەسلىھەت قىلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئىشنىڭ بىردىنبىر يولى خەلقنى قوزغاش، تېز ھەرىكەتلىنىش! قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەننى مانا ئۆز بېشىمغا كەلگەندە، مۇشۇنداق جىددىيلىشىپ تۇرغان ۋاقتىمدا بىلىۋاتىمەن. ۋاقىت دېگەننى پۇلغا سېتىۋالغىلى ياكى ئاللاغا تېۋىنىپ يالۋۇرۇپ ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدىكەن. مەن لى چياڭ بىلەن قۇربانبېكنى باشلاپ بۇلاق مەھەللىسىگە قاراپ ئات سالدىم... قار توختىماي ياغماقتا، شۇرغان سوقماقتا ئىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا قارشى تەرىپىمىزدىكى جىلغىدىن ئۆستەڭگە تاشلانمىغان جۇۋا، بېشىغا سالۋاي تۇماق كىيگەن ئاتلىق بىر كىشى چىقىپ كەلدى ــ دە، ئاتنىڭ بېشىنى بىز تەرەپكە بۇرىدى.

ــــ ئەسقەر ئاكىغۇ سەن؟ ــــ دېدىمەن ئۇنى تونۇپ.

ــــ شۇنداق ئۇكام. ئۇبدان چاغدا ئۇچراشتۇق، سارتاشنىڭ يان تەرىپىدىكى قۇم جىلغىدا ئىككى يوچۇن ئادەمنى كۆرۈپ خەۋەر قىلىشقا مېڭىشىم ئىدى. سىلەرنى كۆرمىگەن بولسام ئۇدۇل ئاقتاشقا قاراپ ئات سالاتتىم.

ــــ ئۇلار سېنى كۆرمىگەندۇ؟

ــــ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ مەن كۆردۈم.

— ئەسقەر ئاكا ، راست كۆردۇڭمۇ ؟
— خۇدا ھەققى ئۇكا ، ساقال ئاقارغاندا مېنى يالغان ئېيـ-
تىدۇ دەمسەن ؟
مەن لى چياڭغا بۇيرۇق قىلدىم :
— قارا تاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چىغىر يول بىلەن بېرىپ ساقچىخانىغا خەۋەر قىل ، مەن بۇ يەردىكى ئامما بىلەن يەتتە تاغ ئاغزى ۋە ئەتراپىنى قامال قىلىمەن .
— خوپ ، يولداش بەنجاڭ ، — لى چياڭ ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى . مانا ، قاراڭغۇ چۈشمەكتە ، سەرتاش بىلەن بۇلاق مەھەللىسىنىڭ ئارىلىقى بەش كىلومېتىر ، ئىشپىيونلار نېمىدېگەن تېز ماڭغان — ھە ؟ سەرتاش بىلەن چېگرا سىزىقىنىڭ ئارىلىقى × × كىلومېتىر ، ئەگەر ئۇلار كەينىگە چۈشكىنىمىزنى سېزىپ قالسا ، ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كېتىش ئېھتىماللىمۇ بار ، ئۇلارنى ئەسقەر ئاكا كۆرۈپتۇ . ئۇلار ئەسقەر ئا-كىنى كۆردىمۇ — قانداق ؟ بۇنى ھازىر بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ . ئەگەر كۆرۈپ قالغان بولسا ئەلۋەتتە چۆچۈيدۇ . بىز ھازىر ئۇلارنى تۇتۇشنى ئويلايمىز ، ئۇلارمۇ بىزدىن قۇتۇلماقنى ئويلايدۇ ، ئامال ئىزدەيدۇ . مەيلى قېنى ، تۇتۇشۇپ باقايلى . ئەس-قەر ئاكا سەرتاشتىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار نەلەرگە يەتكەندۇ ؟ ئەمدى قۇياشمۇ تاغ كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ . تەبىئەت زېمىنگە قارا سايە تاشلاۋاتىدۇ .
بۇلاق مەھەللىسىدىكى خەلق بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىددىيلەشتى . قېرى - ياش ھەممىسى بىردەك ھەرىكەتكە كەلدى . بىزنىڭ چېگرا رايون خەلقىمىز نېمىدېگەن جەڭگىۋار خەلق — ھە ؟ ھەش - پەش دېگۈچە 50 تىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرىي سەپ تۈزدى . 10 نەچچە پېشقەدەم ئوۋچىمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ ، شىراقلىق ئوۋ مىلتىقلىرىنى ئېسىپ مەندىن بۇيرۇق

كۈتۈپ ، ئالدىمدا تەييار بولدى . سەلەي پەيجاڭ ، ساقچىخانا باشـ
لىقى كېرىم بولمىغاندىن كېيىن ، مەن كوماندىر بولۇپ قالدىم . بۇ
خۇددى « تاغدا يولۋاس بولمىسا ، مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ »
دېگەندەك ئىش بولدى . مۇنداق كوماندىرلىقنىڭ بۇ گۇنكىدەك
چاغدا نېسىپ بولۇپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان
ئىكەنمەن . خەير ، بوپتۇ . ۋاقىت ، شارائىت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتـ
نىڭ ئېھتىياجى مېنىڭ كوماندىر بولۇشۇمغا موھتاج ئىكەن ، مەن
نېمىدەپ باش تارتىمەن ؟ سەلەي پەيجاڭ ، ساقچىخانا باشلىقى
كېرىملارنىڭمۇ بېشىدا مۇشكۈزى بار ، ئاللا ئىگەم پەقەت كوماندىر
بولۇشقىلا ياراتقان ئادەملەر ئەمەسقۇ ؟

خەلق ئەسكەرلىرىدىن سەككىز گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ ،
يەتتە گۇرۇپپىنى يەتتە تاغ ئاغزىنى قامال قىلىشقا بۇيرۇپ ، ئۆزۈم
بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ سەرتاش جىلغىسىغا ئاتلاندىم . قاراڭغۇ
چۈشتى . ھەي ، رەھىمسىز تەبىئەت ، سەن نېمە ئۈچۈن
كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغانسەن ، قۇياشچۇ ؟ قۇياشمۇ
شۇنداق ! بىز جەڭگە كېتىۋاتىمىز . بىز يورۇقلۇققا تەشنا . قۇياش
بىردەم توختاپ تۇرماستىن ، قاپقارا پۈركەنجىسىنى ئالەمگە
يېپىپ ، قاپقارا سىياھدەك زۇلمەت پەردىسى بىلەن يورۇقلۇقنى
يېپىپ ، غېمىدە يوق ئۇخلاشقا كېتىۋاتىدۇ . ئاھ ، ھەممىگە قادىر
خۇدا ، سەن مېنى شۇنداق قۇدرەتلىك ياراتقان بولساڭ ـ ھە ؟
مەن شۇ تاپتا قۇياشنى غەربتىكى ئارامخانىسىدىن تارتىپ ئېلىپ ،
تويتوغرا شەرققە قارىتىپ ئاتقان ، ئالەمگە قايتىدىن يورۇقلۇق
بەرگەن بولاتتىم . لېكىن مەن ئۇنداق قۇدرەتلىك يارالمىغان
ئىكەنمەن ... نېملا دېگەنبىلەن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۆز
يولىدا بولۇۋېرىدۇ . بەر شارىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ ـ
ئۈمىدلىرى بىلەن نېمە كارى ، ئۇ ھامان بىپەرۋالىق بىلەن ئۆز
ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىۋېرىدۇ . قۇياش كېچىچە ئۇخلاپ ، ئەتە

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئۈيقۇسىنى ئېچىپ شەرقتىكى مۇز تاغ كەينىدىن چىققۇچە تاقەت قىلىش كېرەكمۇ ؟ ياق ! ياق ! جەڭگىۋار ئىرادە بىلەن قاراڭغۇلۇقنى ، زۇلمەتنى بويسۇندۇرۇپ ، پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشىش كېرەك . ئادەم ھەممىگە قادىر ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ . تەبىئەت ئۆز يولىدا ماڭسا ، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرىمىز ...

## شىۋىرغانلىق كېچە

قار - شىۋىرغانلىق بىر كېچىنى ئوچۇق تاغ - دالادا ئۆتكۈزۈشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمىساممۇ ، ھۆرمەتلىك كىتابخان ئۆزىڭىز كۆڭۈل كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ ، تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەيسىز .

قۇياشنىڭ بىر كېچىلىك ئۇيقۇسى بىزنى بىر كېچە مۇشەققەت ئىچىدە قويدى . ئەنە قۇياش چىقتى . قۇياش ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ « كەچۈرۈڭلار » دېگەندەك ئىللىق تەبەسسۇم قىلىشى بىلەن ، بىر كېچىلىك مۇشەققەتنى ، جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويغان جاپانى پۇتۇنلەي ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق . قۇياشنىڭ تونۇگۈنكى تاش يۈرەكلىكىنى بۇگۈن كەچۈردۇق ، ئىنسان شۇنداق كەڭ قورساق يارالغانمىكىن - تاڭ ؟ لى چياڭ بىر بەن ئەسكەر بىلەن كېچىلەپ يېتىپ كەلدى . ساقچىخانا باشلىقى كېرىم بىلەن سەلەي پەيجاڭمۇ ئىككى بەننى باشلاپ ھەرىكەتكە كەپتۇ . مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ئېغىرلاشتى . كوماندىرلىقمۇ ئاسان ئەمەسكەن . كېچىچە ياغقان قار بىلەن چىققان شىۋىرغان قاراسۇ ئېقىنىنى بويىدىكى تونۇگۈنكى ئىزنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىغان ، سەرتاش جىلغىسىدىمۇ تونۇگۈنكى ئىزدىن دېرەك يوق . تاغلار ئېگىز ، دالا شۇنچە كەڭ ، ئىزدەش قۇلايسىز ، ئىشپىيون

يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك جايلارمۇ شۇنچە كۆپ. ئىشپىيون مۇداپىئەدە، بىز ھۇجۇمدا، لېكىن ھۇجۇم قىلىش نىشانىمىز ئاي- دىڭ ئەمەس. بىز تونۇغۇن ئۆلارنىڭ ئىزىنى كۆرگەن بولساقمۇ، بۈگۈن ئۇ ئىز يوق. بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ قايسى ئۆڭكۈر، قايسى تاشنىڭ كەينىدە مۆكۈپ ياتقانلىقىنى بىر خۇدا بىلىدۇ. ھۇ- جۇمچى قارام بولسا، مۇداپىئەدە تۇرغۇچى ھىيلىگەر بولىدۇ. ئىشپىيوندىمۇ ئەقىل ـ پاراسەت بار. «مانا مەن» دەپ ئالدىمىزغا چىقىپ قول كۆتۈرۈپ بەرمەيدۇ. قولىدا قورال، كاللىسىدا مۇئەييەن پىلان بار. مانا ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز. چوڭقۇر ھاڭلارغا چۈشۈشكە، قىلىچ بىسلىق تاغلارغا چىقىشقا، تىك قىيالاردىن چۈشۈشكە توغرا كەلدى. ئادەم يوشۇرۇنۇشقا بولىدىغانلىكى يەر- لەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىن چەتتە قالمىدى. بىراق، ئىشپىيون تۇگۇل، ئۇنىڭ نە ئىزى، نە قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. نەگە كەتتى؟ ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇچسا قايسى تەرەپكە ئۇچتى، قايسى يەرگە مۆكتى، ياكى بىزنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىمىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ ياق! ياق! ھەرگىز چىقىپ كېتەلمىدى. شۇ ئىشلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا بىرى مېنى نوقۇدى:

— يولداش كوماندىر، تېخىچە ئىشپىيوننىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدۇق، ئاڭلىسام ئىشپىيون دېگەننىڭ پۇتىدا بىر خىل پۇرژىن بولارمىش، بىرلا سەكرىسە لەپ قىلىپ 20 — 30 مېتىر يەرگە بارىمىش. شۇڭلاشقا بىز يېتەلمەيۋاتساق كېرەك، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، يولداش. دۇنيادا ئۇنداق ئىشلار تېخى يوق، چەت ئەل ئىشپىيونلىرى ئۇنداق كارامەتلىك بولسا، بىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ قولتۇقىدا قانات بولغان بولىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەك، قىلىچقا قالقان يارالغان، پوتەي بىلەن تانكىغا پارتلاتقۇچ دورا. بۇ گەپنى دېگەن كىشىدىن خاپا بولۇش

كېرەكمۇ ؟ ياق ! ... « ئۈمىدسىز شەيتان » دېگەن گەپ بار . تۈنۈگۈندىن بۇيان ئىزدىگەن نەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن شەيتان ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغاندۇ . شۇڭلاشقا ئۇ مەندەك تۇمشۇقىغا تۈك چىقمىغان كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ، جاپا چېكىشۋېرىشنى راۋا كۆرمىگەندۇ . مەن ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن چۈشەندۈردۈم ، ئۇ ئۈمىدلەندى . ئۈمىد دېگەن غايە ، غايە دېگەن كىشىگە ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ . ھەي يولداش ، ئالدىرىماڭ ، غەلىبە بىزنىڭ ، بىز ئىشپىيوننى چوقۇم تۇتىمىز .

بىز مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى تېز سۈرئەت بىلەن تارايتتۇق . ئالدىمىزدىكى قورام تاشلىق سايىنى پۈتۈنلەي ئاختۇرۇپ ، يايغان تورنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردىم . ئۆزۈممۇ تاغ ئۈستىگە ياماشتىم . مەن تېخى تاغنىڭ بېلىگە چىقىپ يان تەرەپتىكى جىلغىغا شۇنداق قارىشىمغا ، ئۆيدەك بىر قورام تاش تۈۋىدىن ، بىر قولىدا تاپانچا تۇتقان ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم يىلاندەك سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، غەرب تەرەپكە قاراپ قاچتى . ئارىلىقىمىز 60 — 70 مېتىرچە كېلەتتى .

— توختا !

— توختا ! — يېنىمىدىكى خەلق ئەسكىرى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ۋارقىراپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۇق . تۇيۇقسىز قارلارنى توزىتىپ چىرقىراپ كۆتۈرۈلگەن شىۋىرغان يولىمىزنى توسۇپ ، كۆزىمىزنى ئاچقىلى قويمىدى . قار توزانلىرى كۆز ئالدىمىزدا قارا تۇمان پەيدا قىلىۋەتتى ، ھەي ... ي نەس باسقان شىۋىرغان . بىزگە پۈتلاشتىڭ ، پۈتلاشقاندىمۇ تازا ھالقىلىق پەيتتە پۈتلاشتىڭ .

داۋاملىق قوغلاپ ماڭدۇق . خەلق ئەسكىرى مېنى جەينەكلەپ كۆرسەتتى :

— ئەنە ئۇ ئەبلەخ .

ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى . قېلىن قار ئۈستىدە يىلانسىمان ئۆمىلەپ ، ئۇ قورام تاش تۈۋىدىن بۇ قورام تاش تۈۋىگە ئۈستىلىق بىلەن سىلجىيتتى . خۇددى كىشىلەرنىڭ «قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ » دېگىنىدەك ، ئۇ ، خۇدا ، مېنى شۇلارنىڭ قولىغا قويما ، دەپ خۇداغا نالە قىلىۋاتقاندۇ . بىزمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا پاناھ بەرمەسلىككە ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز . ئۇ قېچىش كويىدا ، بىز تۇتۇش كويىدا . ئىشپىيون دېگەن ناھايىتى ھىيلىگەر دۈشمەن . خاتىرجەملىكنى بۇزغۇچى ، ئىنسانىيەت بەختىنىڭ دۈشمىنى . ئەگەر ھازىرلا ئامىتى ئوڭدىن كەلسە ، مۇشۇ يەردىمۇ مېنىڭ سەبداشلىرىمنىڭ قېنىنى ئىچمەكچى . ياق ، بىز ئۇنىڭغا يول قويمايمىز ! غەزەپتىن ۋۇجۇ-دۇمغا بىر ئوت تۇتاشتى . ھۇ ئەبلەخ ، بىزنىڭ زېمىنىمىزدا ساڭا نېمە بار ؟ سەن تىنچلىقنى ، خاتىرجەملىكنى خالىماسەن ؟ سې-نىڭ دۆلىتىڭ خەلقى خاتىرجەملىكنى خالىمامدۇ ؟ ئاتا – ئاناڭ تىنچلىقنى ، خاتىرجەملىكنى خالىمامدۇ ؟ دۆلىتىڭ خەلقى ، ئاتا – ئاناڭ تىنچلىقنى خالايدۇ ! دۇنيادا تىچلىقنى خالىمايدىغان ئاتا – ئانا بولمايدۇ ، پەقەت سېنىڭ دۆلىتىڭدىكى بىر قىسىم تىنچلىق دۈشمەنلىرى ، ھەم سەن خالىمايسەن . نېمە ئۈچۈن خەلقىمىزنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويمايسەن ؟ ھازىرقى دۇنيانىڭ يۈزلىنىشى تىنچلىق بولسىمۇ ، يەنىلا ئىنسانىيەت بەختىنىڭ دۈشمەنلىرى تېخى شۇك ياتقىنى يوق . مەن ئاشۇ تىنچلىق دۈشمىنىگە مىلتىقىمنى قاراتتىم . بىگىز بارمىقىم مىلتىقنىڭ كىرژۇكىدا ، ئۆ-زىنى غالىب چاغلاپ چېگرا سىزىقىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن ، تەۋەيىمىزگە يامان نىيەت بىلەن كىرگەن ئاشۇ ئىشپىيوننىڭ تەقدىرى ئەمدى مېنىڭ بىگىز بارمىقىمنىڭ بىرلا مىدىرلىشىغا

باغلىق بولۇپ قالدى. بارمىقىمنى بىرلا مىدىرلاتسام «پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك ئۇ جەھەننەمگە سەپەر قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ مىنۇتتا تەقدىرىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ. بىلسىمۇ جان تالىشىدۇ، ئېلىشماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تەۋەيىمىزگە جان بېرىشكە ئەمەس، جان ئېلىشقا كىرگەن. تەقدىرىنى بىزنىڭ قولىمىزغا بېرىشكە ئەمەس، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى قولىغا ئېلىشقا كىرگەن. ئەگەر مەن مۇشۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ تاپانچىسىغا توغرا بولۇپ قالسام مېنى ھەرگىز ئاياپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى قان تۆكۈش، مېنىڭ مەقسىتىم قان تۆكۈشكە قارشى تۇرۇش. تىنچلىق ئۈچۈن كۆرۈشۈش، بىگىز بارمىقىم تىترىمەكتە. ۋىجدانىم ماڭا بۇيرۇق بەرمەكتە. بولدى قوي، جاسارەت بولدى قوي! سەن ئۇنىڭ قېنىنى تۆكمە، ئۇنىڭ قېنى ۋەتىنىڭنىڭ تۇپرىقىنى بۇلغىمىسۇن، بىر تال ئوق ئىشلەتمىسەڭمۇ ئۇنى تۇتالايسەنغۇ؟ يېنىمغا قارىسام ئەسقەر ئاكا مىلتىقىنى ئوقلاپ ئىشپىيوننى قارىغا ئېلىۋېتىپتۇ، «ئات!» دەپ بىرلا بۇيرۇق قىلسام، ئۇ بىر تال ئوق بىلەنلا دۈشمەننى دۇم چۈشۈرىدۇ. ئەسقەر ئاكىدىن رازى بولدۇم. بىزنىڭ خەلقلىرىمىز ئۆز بەختىنى قوغداشنى بىلىدىكەن، ۋەتىنىنى قوغداشنى بىلىدىكەن. مانا ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

— ئەسقەر ئاكا، بىز ئۇنى تىرىك تۇتىمىز.

— ئايلىناي كوماندىر، تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن رۇخسەت قىل، پەقەت بىر تال ئوق. ئۇ بىزنىڭ ئوقىمىزنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرسۇن. چېگرا قوراللىق ساقچىسىنىڭ ئوقىنى ئەمەس، خەلقنىڭ، ئۆز بەختىنى قوغداۋاتقان خەلقنىڭ ئوقىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن. ھېچبولمىغاندا ئۆلمەيدىغان يېرىگە ئاتاي.

— بولمايدۇ، ئۇ يارىلانسىمۇ يەنىلا بىز ئۈچۈن

ئاۋارىچىلىق. ئەتراپتىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدىم:
— ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار!
مەن ئىشپىيوننىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتۇم، ئەسقەر ئاكا كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ ۋارقىرىدى:
— قورال تاشلاپ تەسلىم بولساڭ ئاتمايمىز!
ئىشپىيون كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئەسقەرئاكىغاقارىتىپپاڭ - پۇڭ قىلىپ ئىككى پاي ئاتتى. ئوق ئەسقەر ئاكىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ قورام تاشقا تېگىپ ۋال - ۋۇل ئوت چاقناپ كەتتى. ئىشپىيون ئۆزىنى ئالدى تەرىپىگە ئاتتى، ئۇ مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغان تاشنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، تاپانچا تۇتقان قولىنىڭ جەينىكىگە «قارس» قىلىپ بىرنى تەپتىم. تۇيۇقسىز تەگكەن تېپىكتىن ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچا قاڭقىپ چىقىپ، 10 نەچچە مېتىر چە يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئىككىمىز ئاۋۋال بىر - بىرىمىزگە خىرس قىلىشتۇق، كېيىن بازلىشىپلا مۇشتلىشىپ كەتتۇق. ئۇ قورالى تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى، مەن ئالدىنى توساتتىم. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولـ غان ۋاقىت ئىچىدە ئىشپىيوننىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ماكچايتىۋەتتىم، مېنىڭ يۈز - كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ مۇشتىنىڭ زەربىسىدىن ھۆررەك - ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ كېتىپتۇ، مەن ئۆزۈمنى خېلى چەبدەس چامباشچى ھېسابلايتتىم. ئۇ ئەبلەخمۇ چەبدەس نەرسىكەن، تاس - تاماس قالدى مېنىڭ گومپام ئۇنىڭ گومپىسى ئالدىدا يېپ ئېشىپ قالغىلى. ئاخىرقى قېتىم ئۇرغان ئىككى مۇشت بىلەن ئۇ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ دالىيىپلا يېتىپ قالدى.
— تۇرە ئورنىڭدىن!

بىز ئۇنىڭدىن شېرىكىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدۇق ، ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى دېدى :

— ئۇنىڭ بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرىلا تونۇشقان . ئەسلىي ئىسمىنى بىلمەيمەن ، ماڭا ئۆزىنى «غىجىر» دەپ تونۇشتۇرغانتى ، بىر سائەت ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتتۇق ، بەلكىم يېقىن ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن .

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇ « غىجىر » دېگىنى قانداق قىلىپ بىزنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىمىزدىن چىقىپ كەتكەندۇ ؟

## غەلىبە شادلىقى

« غىجىر » ناملىق ئۇ ئەبلەخ بىزنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىمىزدىن قانداق چىقىپ كەتتى ؟ بىز نېمىشقا كۆرەلمىدۇق ، ھەي ئىست ! ھەر ئىككىسىنى مۇشۇ يەردىلا تۇتقان بولساق ئاۋارىچىلىق بىر يولى ئاخىرلاشقان بولاتتى . « غىجىر » ئارقىغا قاراپ مېڭىپ ، تەۋەيىمىزدىن ئۆز تەۋەسىگە چىقىپ كەتتىمۇ يە؟ ياق ! ياق ! ئۇ تېخى يىراققا بارالمىدى . قانداقلا بولسۇن بۈگۈن كەچ كىرگۈچە ئۇنى چوقۇم تۇتۇشىمىز كېرەك .

پېشىن بولغان چاغ ، ئالاقىچى ئەكبەر كېلىپ ساقچىخانا باشلىقى كېرىمنىڭ « تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ‹ياغمىنىڭ قىياسى› ئالدىدىكى قىزىل جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپىنى قامال قىلسۇن ! » دېگەن بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى . ئاندىن بىرى : « ساڭا چاقىرىق قەغىزى كەپتۇ ، ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپسەن ،

ئىمتىھان نەتىجەڭ يۇقىرى ئىكەن، ساقچىخانا باشلىقى كىرىم سەندىن بەك خۇشال، ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىكەنسەن » دېدى. مەن ھاياجانلاندىم. مانا، ئۈرۈمچى قورااللىق ساقچى كوماندىرلار مەكتىپىگە بېرىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، بۇ بىرىنچىدىن ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى بولسا، ئىككىنچىدىن ئاماگۈلنىڭ يېتەكلىشىدىن بولدى. « مەندىن زادى بىر ياخشى ئوفىتسېر چىقارمۇ؟». بولدىلا، ھازىرچە بۇ خىياللارنى قويۇپ تۇراي. مەن ئىككى نەپەر جەڭچىنى باياتىن تۇتۇلغان ئىشپىيوننى يالاپ ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم بىر بەن جەڭچى بىلەن بىر بەن خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ يولغا چىقتىم، ھەربىي مەكتەپكە مېڭىشنىڭ خۇشاللىقى بىلەن تۈنۈگۈندىن بۇيان تارتقان جاپالار ئېسىمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاتلار ئۇچقاندەك ماڭماقتا. « ياخشى ئات يىگىت ئۈچۈن جەڭدە قانات » دېگەن راست گەپكەن. بۇ تاغ يوللىرىدا ئاتتىن باشقا نەرسە سېنى دېگەن ۋاقىتتا نىشانغا يەتكۈزەلمەيدۇ. مەن بىردەم سائىتىمگە قارىسام، بىردەم كۈنگە قارايتتىم. شىۋىرغان يەنە چىقماقتا، بۇ تەبىئەتنىڭ مۇشۇ زېمىنغا ئاتا قىلغان سوۋغىتى ئىكەن. نېمە ئامال؟ سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن تەنلىرىمىز تىترەۋاتىدۇ. ئاتلارمۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى بىلگەندەك، قېلىن قارنى كېچىپ، قامچا سالدۇرمايلا ماڭماقتا. ئىككى سائەت ئىچىدە 20 كىلومېتىر يولنى بېسىپ، بۇيرۇق بويىچە قىزىل جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپىنى قامال قىلىپ ياتقىنىمىزغىمۇ بىر سائەتتىن ئاشتى. بىز بۇ يەرگە كەلسەك مامۇت ئاكا شىراقلىق ئوۋ مىلتىقىنى ئوقلاپ بۇ يولنى توسۇپ ياتقان ئىكەن. قاراڭ بۇ ئىشنى، بۇ پېشقەدەم باتالىيون كوماندىرى شۇ تاپتا بىز بىلەن بىر ئاكۇپتا

ياتىدۇ . مامۇت ئاكا ئالدى تەرەپكە قاراپ يىراقلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى . نامازدىگەر بولغاندا ، قىزىل جىلغا ئىچىدىن ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى ، مامۇت ئاكا مېنى نوقۇپ :

— جاسارەت ئوغلۇم رۇخسەت قىلغىن ، سەندىن ملتىق ، ئوق تەلەپ قىلمايمەن ، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئوۋ ملتىقىم بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىر پاي ئاتاي ، — دېدى .

— خاپا بولماڭ مامۇت ئاكا ، بىز ئۇنى تىرىك تۇتماقچى .

— مەن باتالىيون كوماندىرى ۋاقتىمدا « ئات » دەپلا بۇيرۇق بېرەتتىم .

— ئۇ دېگەن 40 - يىللار ، ئۇ چاغدا سىلەر ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكەن . بىز 80 - يىللاردا ۋەتەننى قوغداش ، تىنچلىق ئۈچۈن كۈرۈشىمىز .

— مامۇت ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يېنىمدا يانپاشلاپ ياتتى . ئۇنىڭ مىيىقىدا كۈلۈشى مېنى مەسخىرە قىلغىنىمۇ ياكى ماڭا ئاپىرىن ئوقۇغىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى . ئۇزاق ئۆتمەي جىلغا ئىچىدە ، ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا تۇتقان ، ئۇزۇنتۇرا بىر ئەبلەخ پەيدا بولدى . ئۇ ھەم جىددىيلەشكەن ، ھەم ھولۇققان ئىدى .

— « غىجىر » دېگەن نېمە مۇشۇ ئىكەن - دە ، — دېدى ئارقامدا تۇرغان ئەسقەر ئاكا . شۇنداق ، دەل ئۆزى شۇ ! ساقچىخانا باشلىقى كېرىم سوجاڭ بىلەن سەلەي پەيجاڭ « غىجىر»نىڭ دەل مۇشۇ جىلغا بىلەن ئۆز تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىشىنى ئالدىنئالا پەملەپ ، بىزنى مۇشۇ يەرگە توسۇشقا ئەۋەتكەن ئىكەن . جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەم پەيدا بولدى . دېمەك ، ساقچىخانا باشلىقى كېرىم « غىجىر »نى قىزىل جىلغىدىن ئىبارەت بۇ تاغارغا سولاپ ، بىزنى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە بۇيرۇغان ئىكەن - دە ،

مامۇت ئاكا ماڭا قاراپ :

— سىلەر كەلمىگەن بولساڭلارمۇ ، بۇ بىر ئەبلەخقە مەن ئۆزۈم تېپتېيدىكەنمەن ، سەن كېلىپ مەن ئۇنى ئاتالمىدىم ، — دېدى خۇرسىنىپ .

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمىز مامۇت ئاكا ، تىرىك تۇتۇش يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ، بولمىسا 1 - پاي ئوقنى ئېتىش ھوقۇقىنى سىزگە بەرگەن بولار ئىدىم .

« غىجىر » لەقەملىك ئىشپىيون بىزگە يېقىنلاپ كەلدى ، 100 مېتىر ، 80 مېتىر ، 50 مېتىر ، مانا 30 مېتىردەك ئارىلىق قالدى .

— كۆتۈر قولۇڭنى ! — ھەممىمىز تەڭلا ۋارقىراپ ، مىلتىقلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى « غىجىر »غا قاراتتۇق . « غىجىر » ھولۇقىقان ھالدا بىزگە قارىتىپ « پاڭ ، پاڭ » قىلىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى . قورقۇنچ ئىچىدە ئاتقان ئوقلىرى باش ئۈستىمىزدىن خېلىلا ئېگىز ئۆتۈپ كەتتى . « غىجىر » پۈتۈنلەي قورشاۋ ئىچىدە قالغان ، ئەمدى قانىتى بولسىمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيتتى . « كۆتۈر قولۇڭنى » دېگەن جەڭگىۋار سادا قىزىل جىلغا ئىچىنى لەرزىگە سالدى ، يىراق - يېقىندىكى تاغلار ۋە « ياغمىنىڭ قىياسى»دىن ياڭراق ئەكس سادا قايتاتتى . بۇ ئەكس سادا بەلكى ئاشۇ قەدىمكى ياغمىلار روھىنىڭ بىزگە ھەمدەم بولۇپ توۋلاۋاتقان ئاۋازىدۇر ، بەلكى ...

مانا ، قوراللىق ساقچى قىسىم چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى بىلەن چېگرا رايونى خەلقى غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ ، ھەممىنىڭ چىرايىدا كۈلكە ، غەلىبە شادلىقى ئەكس ئەتمەكتە . ساقچىخانا باشلىقى كېرىم قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ دېدى :

— يولداش جاسارەت ، بۇ قېتىمقى كۆرەشتە سەن خىز-
مەت كۆرسەتتىڭ ، سېنى تەبرىكلەيمەن .
— ياق ، ساقچىخانا باشلىقى كېرىم ، مەن پەقەت بىر
جەڭچىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى قىلدىم .
— كەمتەرلىك ياخشى خىسلەت ، لېكىن ساڭا تېگىشلىك
شەرەپنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك . ئالاقىچى ئەكبەردىن ئەۋەتكەن
خۇش خەۋەر ئېسىڭدىدۇر ؟
— ئېسىمدە ساقچىخانا باشلىقى ، ھەربىي مەكتەپكە
بېرىش ، ئوفىتسېر بولۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى !
— ساڭا بەخت تىلەيمەن .
— رەھمەت سىزگە .
ساقچىخانا باشلىقى كېرىم ، سەلەي پەيجاڭلار ماڭا ياندى-
شىپ كەلمەكتە . مامۇت ئاكا ، ئەسقەر ئاكا ، ما داگازا ،
ئەنۋەرلەرنىڭمۇ چىرايلىرىدا خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەنمەكتە .
ھەممە كىشى بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ . چاۋاك
چېلىش ، پوجاڭزا ئېتىپ ، داقا - دۇمباق بىلەن ئەمەس ، بىر -
بىرىنى ئىللىق كۈلۈمسىرەش بىلەن تەبرىكلەۋاتىدۇ . ئارمىيە -
خەلق بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ . ھەممىنىڭ چىرايىدا
ئىللىق تەبەسسۇم .
مەن قۇياشقا باقتىم . قۇياش ئارامخانىسىغا كېتىۋاتىدۇ .
بۈگۈن كەتسە كەتسۇن ، كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرىدا ياغ-
مىنىڭ قىياسى قىزىللىقىغا پۈركەنگەن ، تاغلار كۆزۈمگە
كۆندىكىدىنمۇ قامەتلىك ، مۇقەددەس كۆرۈنۈۋاتىدۇ . قار ياغماقتا،
شىۋىرغان ئۇشقىرتماقتا . ھەي ، بەرىكەتلىك قار . ئەمدى قانچە-

لىك ياغساك شۇنچىلىك ياغ ، ھەي شۋىرغان ، قانچىلىك
ئۇشقىرتساڭ شۇنچىلىك ھۇشقىيت ، بار ئاۋازىڭ بىلەن ئۇشقى-
رىت! بىزنىڭ غەلىبە خەۋىرىمىزنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ بار .
غەلىبىمىزدىن دوستلار شادلىنىپ ، دۇشمەنلىرىمىز قان يۇتسۇن !

1990 - يىل ، 6 - ئاي

# ھیکا پیلار

# چىقىلغان ھەيكەل

مەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىمەن. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەر خىل ژانىر-دىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردا يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆرىمەن. ئۆيۈمدىكى كىتاب جازىلىرىغا تىزىلغان كىتابلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ مېنى يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئەمما مەن ئۆمە-رۈمدە بىر كۇپلېت شېئىر، بىرەر ھېكايە ياكى بىر پارچە خەۋەر ماقالىسى يېزىپ باققان ئەمەس. راست ئېيتسام، يازالمايمەن. يازغۇچى - شائىرلىق ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىدىغان ئىش ئەمەسكەن. سىز مېنى يازغۇچى، شائىرلىققا ھەۋەس قىلمىدى دەمسىز؟ خېلى ئوبدانلا ھەۋەس قىلغان، تىرىشقان، مەشىق قىلغان، لېكىن قاملاشتۇرالمىغان. ئىجادىيەت قىلىشنىڭ تەسلى-كىدىن، ئىجادىيەت ئىگىلىرىگە ئىخلاس قىلغان. مەن كۆرگەن كىتابتىكى قەھرىمانلار ۋە كەشپىيات ئىگىلىرى ماڭا ئىلھام بەر-دى، كۈچ - قۇۋۋەت بەردى، جاسارەت ئاتا قىلدى، مەدەت بەردى. شۇڭلاشقا مەن ئەسەر يېزىپ يازغۇچى ياكى شائىر بولۇپ دەستە - دەستە كىتابلارنى يېزىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىنى زىل-زىلىگە سېلىپ ئۆچمەس ئىز قالدۇرالمىساممۇ، ئاشۇ يازغۇچىلار

ئەسەر قىلىپ يازغۇدەك بىرەر كاتتا ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ھېچكىم يازمىغان تېمىلارنى، ئىشلارنى يېزىشقا تىرىشىدىكەن. شائىرلارمۇ شېئىرلىرىدا ھېچكىم دېمىگەن سۆزلەرنى دېيىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرىدىكەن. مەن قانداق كاتتا ئىشلارنى قىلسام بولا؟ مەن كۆپ ئويلاندىم، ئىزدەندىم، تىتىرقىدىم، كۆزەتتىم، ئاخىر شۇنداق نىيەتكە كەلدىم: مەن ئۆيغۇرلار ئىچىدە ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى، ھېچكىم ئۆگىنىپ باقمىغان بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىپ، بىردىنلا كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، بىر سەھەردىلا مەشھۇر كىشىگە ئايلىنىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئاخىر ھەيكەلتىراشلىقنى تاللىدىم.

گەرچە مىللىتىمىزدىن رەسساملار چىققان بولسىمۇ، ھەيكەلتىراشلار چىقماپتۇ. مەن ھەيكەلتىراشلىقنى كىمدىن ئۆگىنىمەن؟ ئارزۇ بىلەن رېئاللىق بىر - بىرىگە ماس كەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامىتىم ئوڭدىن كەلدى، زاۋۇت رەھبەرلىكى مېنى ئىچكىرىدىكى بىر شەھەرگە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى كونترول قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. تەلىيىمگە مەن بارغان شەھەردە، ئىلگىرى قالتىس نامى چىققان، ھازىر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقان بىر بۇتخانا بار ئىكەن. مەن ئاشۇ بۇتخانىدا، بۇتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان بىر مەشھۇر ھەيكەلتىراشتىن ھەيكەلتىراشلىقنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەندىم. يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىمنىڭ ھەيكىلىنى ياساش ئىشىدا كۆپ ئويلاندىم. يازغۇچى، شائىرلارغا بولغان ھۆرمىتىم ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. مەن قايسى شائىر، قايسى يازغۇچىنىڭ ھەيكىلىنى ياساي؟ ۋىجدانىم ماڭا: «سەن مۇشۇ ناھىيىمىز تەۋەسىدىن يېتىشكەن، مەيلى كلاسسىك يازغۇچى، شائىر بولسۇن، ياكى زامانىمىزدىكى يازغۇچى - شائىر

بولسۇن بىر ىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغىن » دەپ بۇيرۇق بەردى . مۇشۇ مۇددىئادا كۆپ كىتاب - ژۇرناللارنى كۆردۇم . ئۆزۈم تونۇيدىغان بىلىملىك بوۋاي - موماي لارنى زىيارەت قىلدىم . ناھىيىمىز تارىخىدا ئۆتكەن بىرەر شائىر ياكى يازغۇچى تۇگۇل سەلەي چاققان ، موللا زەيدىنگە ئوخشاش بىرەر مەشھۇر گەپچىمۇ يوقكەن . بۇگۈنكى تارىخىمىزنى ئاختۇرۇپ كۆردۈم . مۇشۇ كۈنلەردە ناھىيىمىز تەۋەسىدە ئىككى يازغۇچى باش كۆتۈرۈپتۇ . ئۇلار رومان يازالمىغان بولسىمۇ ، ھەر ئىككىسى بىردىن ھېكايە توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ . بۇلارغا ياندىشىپ بىر ئەدەبىي تەنقىدچىمۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپتۇ ، بۇ نېمىدېگەن خۇشاللىق ئىش . بۇ چەت - ياقا ، كىچىككىنە بىر ناھىيىدە يازغۇچىمۇ بار ، ئوبزورچىمۇ بار بوپتۇ . مانا بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى يەنە بىر نامايەندە ئەمەسمۇ . بىر كىچىك ناھىيىدىن مۇشۇنداق ئۈچ ئادەم چىققان يەردە پۈتكۈل ئۇيغۇر يازغۇچى ، شائىرلىرى ئىچىدىن پات يېقىندا نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغانلار چىقماي قالارمۇ ؟ چوقۇم چىقىدۇ !

مەن بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، ئوتتۇرا ياش بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ بىر - بىرىگە ياندىشىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان قامەتلىك ھەيكىلىنى راسا قاملاشتۇرۇپ قاتۇرۇپ چىقتىم . ھەيكەلگە ھەل بېرىشلا قالغان كۈنى ، ناھايىتى چارچاپ كەتكىنىم ئۈچۈن كوچىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم ، تۇساتتىن بىرى چاقىرىپ قالدى . قارىسام ھېلىقى ئوبزورچى ئىكەن . ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى سالام - سائەتىم بولسىمۇ ، سىرداش دوستلاردىن ئەمەس ئىدۇق . مېنىڭ ئىككى يازغۇچىنىڭ ھەيكىلىنى ياساۋاتقىنىمنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى .

— ماڭ ئاغىنە ، بىرەر ئازادە يەرگە بېرىپ ، بىردەم مۇڭدىشايلى ، سېنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ . بۈگۈن مەنمۇ بىرەر

ھەمسۆھبەت ئىزدەپ يۈرەتتىم ، بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشمنى قۇر-
بان قىلىپ ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بىر يازغۇچىنىڭ شىنجاڭغا
تەسىر كۆرسەتكەن بىر ھېكايىسى ھەققىدە ئەتىگەندىن بۇيان بىر
پارچە ئوبزور يازدىم . قاتتىق چارچاپ كېتىپتىمەن . سەن ۋاقتىدا
كېلىپ قالدىڭ ، — دېدى ئۇ سالامدىن كېيىن قولۇمدىن تار-
تىپ ، ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي ، ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغىراق
جايلاشقان بىر قاۋاقخانىغا باشلاپ . بىز بۇ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا
كېلىشىمىزگە قاۋاقخانىدىن يۈرىكى چىلاشقۇدەك ئىچىپ مەست
بولغان ئىككى ئادەم دەلدەڭشىپ چىقتى . بۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ
ئۆز كۆزۈمىزگە ئىشەنمەيلا قالدۇق . بۇلار راست ئاشۇ
ئىككىيلەنمۇ ؟ مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ مەن كۆزۈمنى قو-
لۇمنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە بىر قېتىم نەزەر
سالدىم ، راست ! بۇ ئىككى مەست مەن ھەيكىلىنى ياسىغان بايىقى
ئىككى يازغۇچى ئىدى .

ئۇلارنىڭ مەستلىكتىن قىزارغان كۆزلىرى ئوبزورچىغا
چۈشۈشى بىلەن تەڭ غەزەپتىن قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى ،
چىشلىرى كىرىشىپ مۇشتلىرى تۈگۈلدى . بىرى ئوبزورچىغا قول
شىلتىپ ۋاراقىرىدى :

— ھەي ، ياسىن كالتەك دېگەن سەنمۇ ؟ سەن تېخى
خىيالىڭدا ، مەن ئوبزورچى ، يازغۇچى دېگەننى كالتەكلەيدىغان
كالتەك بولىمەن ، ئوبزور كالتىكىمنى پىرقىرىتىپ يازغۇچى
دېگەننى غىڭ قىلماس قىلىۋېتىمەن ، دەپ ئويلاپ كېرىلىپ يۈ-
رەمسەن ؟ بىلىپ قوي ، بىز دېگەن سېنىڭ
كالتەكلىرىڭنى «تارس» قىلىپ قاق ئوتتۇرىسى-
دىن «چورت» ئوشتۇۋېتىدىغان يازغۇچى ، بىزنى تونۇمسەن ؟
بىلىپ قوي ، بىز دېگەن پۈتۈن شىنجاڭغا ، پۈتۈن جۇڭگوغا ،
ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ تونۇلغان مەشھۇر يازغۇچى . سەن بىزدەك

يازغۇچىنىڭ ھېكايە توپلاملىرىنى بېسىق ئاغزىڭغا ئېلىپ ، نامىمىزنى ئاتاپ ئوبزور يېزىپ ، كالتەكلەپ ، بىزنى خەلق ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلدىڭ . ئېيتە خۇمسى ، بىز ساڭا نېمە قىلغان ، ھە ، نېمە قىلغان ؟ ئوبزورچى ياسىن خېلى ئېغىر ـ بېسىق ئادەم ئىدى ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ :

— ئاغزىڭلارنى چايقاپ گەپ قىلىڭلار ، مەن سىلەرنىڭ كىتابىڭلارغا ئىلمىي باھا بەردىم . ھەرگىز چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىدىم ، ئوبزوردا سىلەرنىڭ غۇرۇرۇڭلارغا تېگىدىغان سۆزلەر يوق ، بۇ نورمال ئەھۋال . ھەرگىز سىلەرنى رەسۋا قىلغانلىق ئەمەس ، — دېدى .

شۇ ئەسنادا يەنە بىر يازغۇچى ئالدىمىزغا دېۋەيلەپ كېلىپ ، ئوبزورچى ياسىنغا قول شىلتىپ سۆزلەپلا كەتتى .

— نېمە ؟ ئىلمىي باھا ، — يازغۇچى مەسخىرىلىك كۈلدى ، — بىزگە سېنىڭ ئىلمىي باھايىڭ كېرەك ئەمەس ، سەن كالتەكچى بۇگۈن ئىلمىي باھا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ قوي . ئىلمىي باھا ، دېگەن مۇنداق بولىدۇ . ئىككى يازغۇچى يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىپ ، ھەش ـ پەش دېگۇچە ئارىلىقتا ئوبزورچىنى دۇمبالاپ ياتقۇزۇۋەتتى . مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىككى يازغۇچىنى توسۇپ قالالمىدىم ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ، نېمە دېيىش كېرەك ؟ مەن بىردە ئىككى يازغۇچىنىڭ مۇشت ـ تېپىكلىرى زەربىسىدە قانغا مىلىنىپ يېتىپ قالغان ئوبزورچى ياسىنغا قارىسام ، بىردە بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن غەزەپلىنەتتىم .

شۇ ئەسنادا ، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا بىر ساقچى پەيدا بولۇپ ئىككى يازغۇچىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى . ساقچىنىڭ ئالدىدا شۈمشىيىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى يازغۇچى ئەمدى كۆزۈمگە بارا ـ بارا كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك ، زەئىپ ۋە

ئاجىز كۆرۈنۈشكە باشلىدى . مەن ئوبزورچى ياسىننى ھاپاشلاپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، كىتابخانامغا كىرىپ ، ئىككى يازغۇچىنىڭ ھەيكىلىگە قارىشىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا خىرەلەشتى .

— ئىست ! ئەقىدەم ، — شۇئان پالتىنى قولۇمغا ئېلىپ ، بىر يىل ئەجىر قىلىپ ياسىغان ئىككى يازغۇچىنىڭ ھەيكىلىنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ، كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتىم . ھەي ئىست ! شۇنداق قىلىپ ، مەنمۇ مەشھۇر كىشىگە ئايلىنالمىدىم ...

1990 - يىل 1 - ئاي



# ئاخىرقى بىر تال ئوق

تاڭ قاراڭغۇسى. ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا بۇلۇتلارغا باش تىرەپ تۇرغان ئېگىز تاغلار قارىيىپ كۆرۈنۈپ، يىراقتىن تېخىمۇ سۈرلۈك تۇيۇلاتتى. ئەتراپتىكى ئېگىز قىيالارنىڭ ئۈستى ۋە يان باغىرلىرىدا چوقچىيىپ تۇرغان خادا تاشلار بىر خىل قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۈستىنى غەرب تەرەپتىن سىلجىپ كېلىۋاتقان بىر توپ قارا بۇلۇت سىيپاپ ئۆتمەكتە ئىدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، تاڭ قاراڭغۇسىدا يۇلتۇزلار ئۈستىنى قارا بۇلۇت سىيپاپ ئۆتسە، سەھەردە چوقۇم قار ياغارمىش، مانا بۇ، مۇشۇ تاغ ئارىسىدا بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ھاۋارايى ئۈستىدە توپلىغان مول تەجرىبىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك خۇلاسىسى ئىدى.

مەن مىنگەن ئات تىك قىيالار ئارىسىدىكى چوڭقۇر، قورام تاشلىق جىلغا ئىچىدە پۇشقۇرتۇپ، ئېگىزگە ئۆرلەپ ماڭماقتا. تاڭ يورۇشقا يەنە ئىككى سائەتچە ۋاقىت بار بولۇپ، تەخمىنەن بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن نىشانغا يېتىپ بېرىپ، ئاتنى قويۇپ، ئېگىز تاغقا يامىشىشىم كېرەك. دېڭىز يۈزىدىن 4500 مې- تىر ئېگىز بۇ تاغنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، تۇتەك كۆپ. شۇڭلاشقا ئېگىزگە ئۆرلەپ تاغقا ياماشماق تېخىمۇ قىيىن. بىرنەچچە قەدەم

ماگا ـ ماگمايلا ئادەمنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ، نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىدۇ. باش چىڭقىلىپ ئاغرىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسقىسى كېلىدۇ. شۇڭا 10 ـــ 15 قەدەممە بىر توختاپ، بىرەر مىنۇتچە دەم ئېلىپ يەنە مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماگا تاپشۇرۇلغان بۇ گۈنكى بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئو-رۇنداش تېخىمۇ قىيىن. لىيەنجاڭ مېنى تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ياتىقىغا چاقىرىپ:

ـــ ئەكرەم، سەن لىيەنىمىزدىكى بىردىنبىر ئۆلگىلىك جەڭچى ۋە ئاتىقى چىققان مەرگەن. پېشقەدەم لىيەنجاڭ ماگا سېنى ئالايىتەن تونۇشتۇرغان. بىزنىڭ لىيەندە سەندەك مەرگەندىن يەنە بىرنەچچىسى بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، ئەمما مۇنداق تالانت ھەركىمدە بولۇۋەرمەيدۇ، مەن سېنى كېلەر يىلى تۈەندە ئېلىپ بېرىلىدىغان قارغا ئېتىش مۇسابىقىسىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. تالانت دېگەننى كۆرسىتىدىغان مەيدان بول-مىسا بولامدۇ؟ بۇنىڭغا خۇش بولىدىغانسەن؟ ـــ دېدى.

ـــ رەھمەت لىيەنجاڭ.

ـــ ھوي، رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، سېنىڭدەك جەڭچى بولغانلىقى ئۈچۈن مەن تولىمۇ خۇشال، قابىل ئەسكەرلەرنى بايقاپ، رولىنى جارى قىلدۇرمىغان لىيەنجاڭنى قانداق لىيەنجاڭ دېگىلى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پېشقەدەم لىيەن-جاڭ يەرلىككە ئالمىشىپ كېتىشتىن ئاۋۋال ئالايىتەن تاپىلىغان تۇرسا.

لىيەنجاڭنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالمايلا قالدىم. نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەي ھەدەپ قولۇمنى ئىشقىلايتتىم. يۈرىكىم شادلىقتىن تې-پىچەكلەيتتى.

ـــ ساگا دەيدىغان يەنە بىر مۇھىم گەپ بار، ـــ دېدى

لىيەنجاڭ خىجىللىق تەلەپپۇزى بىلەن ئالدىدىكى شىرەگە ئالىقى-
نىنى قويۇپ تۇرۇپ، — گەپنى ئوچۇق قىلغاندا بۇ بىر مۇھىم
ۋەزىپە، بۇ ۋەزىپىنى بىزنىڭ لىيەندە پەقەت سەنلا ئورۇندىيالاي-
سەن. شۇڭلاشقا سىنى چاقىرتىپ پىكرىڭنى ئېلىپ باققۇم
كەلدى. بۇنىڭغا چىن كۆڭلۈڭدىن رازى بولۇشۇڭ لازىم، شۇن-
دىلا ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېلەلەيسەن.

— قېنى ئېيتىڭ، ھەرقانداق ئىش بولسا مانا مەن، —
دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، لىيەنجاڭ مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ
دېدى:

— مانا بۇ پوزىتسىيەڭ بولدۇ ئۇكا، ساڭا ئەمدى
راستىنى ئېيتاي، ساڭا مەلۇم، بىز مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە تۇ-
رۇۋاتىمىز. ناھىيىنىڭ ھاكىمى سەمەرنى تونۇمسەن؟ بەلكىم
ئىسمىنى ئاڭلىغان بولساڭمۇ تونۇمايدىغانسەن. بىزنىڭ گازارما
مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە، يەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل
قارىساقمۇ بولمايدۇ. تۈنۈگۈن سەمەر ھاكىم بىزنىڭ تەۋەيمىزگە
يېقىن بولغان قاراتاش يېزىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن
كەچۈرۈشكە چىقىپتىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم.
ئۇ ھەدىگەندىلا بىرنەچچە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلدى، نېمە دەي-
مەن، «ئۇلار دېگەن تاغدا بار، مىلتىق دېگەن بىزدە بار،
خاتىرجەم بولۇڭ دېدىم». سەمەر ھاكىم يەنە، بولغاندا كېيىكتىن
ئىككىنى، ھېچبولمىسا بىرنى ئېتىپ بېرىشىمىزنى دېدى. يەنە
كېلىپ ئۇ ئادەمگە ئەركەك كېيىكنىڭ گۆشى لازىم ئىكەن.
سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— يېقىنراق بېرىپ ئاتالىسا، كېيىكنىڭغۇ ئەركەك چىـ-
شىسىنى ئايرىغىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خوراز ياكى
مېكىيىنىنى قانداق ئايرىپ ئاتقىلى بولىدۇ، تازا
قىزىق ھاكىمكەنغۇ بۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئىشىدىن سەن غەم قىلما، بۇنىڭغا باشقا جەڭچىلەرنى بۇيرۇيمەن. كىيىكنىڭ ئەركىكىنى نىمە دەيتتى؟

— تېكە دەيمىز.

— ھەببەللى، سەن ئاشۇ تېكىدىن بولسا ئىككىنى، ھېچ- بولمىغاندا بىرنى ئېتىپ كەلسەڭ ئۇكا. ئاڭلىسام سەمەر ھاكىمنىڭ يېقىن تۇغقىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىكەن، ئۇ قىز «ئىستىرىخا» (پەي بوشاپ كېتىش) كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، بارمىغان دوختۇرخانا، كۆرسەتمىگەن دوختۇر قالماپتۇ. ئاخىر بىر تېۋىپ ئۇ قىزغا تاغ تېكىسىنىڭ گۆشىنى بۇيرۇپتۇ، مانا مۇشۇ ئىش ئۇكا. سەمەر ھاكىمنىڭ كۆزى ئادەم تونۇيدۇ، مەنمۇ سىلەرگە مەڭگۈ لېيەنجاڭ بولمايمەن. سەنمۇ بۇ گازارمىدا مەڭگۈ ئەسكەر بولمايسەن، ھەر ئىككىمىز كەسىپ ئالمىشىپ يەرلىككە بارىمىز. مېنىڭ كەسىپ ئالماشقاندا 8 ناھىيىگە بېرىپ، شەھەردە ئىشلىگۈم بار. سەنمۇ يېزىدىن كەلگەن، يەنە يېزىغا كېتەمسەن، 8 ناھىيىدىن بىرەر ئىش تاپارمىز. كونىلار «قول قولنى يۇيىدۇ، قول قوپۇپ يۈزنى» دەپتىكەن. سەمەر ھاكىم ماڭا تونۇش، ئۈچ يىلدىن بۇيان پېشقەدەم لېيەنجاڭ ماڭا ئاشۇ سەمەر ھاكىم ئۈچۈن يىلدا بىر نەچچە قېتىم كىيىك، ئۇلار ئاتقۇزغان. سەمەر ھاكىم ئۈچۈن نەچچە يۈزدىن ئارتۇق كىيىك، ئۇلار ئاتقاندىمەن.

راست، سەمەر ھاكىمنىڭ كۆزى ئادەم تونۇيدىكەن، پېشقەدەم لېيەنجاڭ كەسىپ ئالمىشىپ 8 ناھىيىگە بېرىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، ئايالىنى شەھەرگە ئەكىرىۋالدى. لېكىن، مېنىڭ مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتىمدىن بىر يىل ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا بەنجاڭ بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن، مانا، يېڭى لېيەنجاڭ كېلىپلا، مېنى يەنە سەمەر ھاكىم ئۈچۈن كىيىك ئېتىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. سەمەر ھاكىمنىڭ راستىنلا تېكە گۆشى دورا بول-

غان ساھىبجامال تۇغقىنى بارمىدۇ ؟ بولسا نېمىشقا مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ساقايمايدۇ . گۆش باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن بۇگۈنكى كۈندە ، ھاكىم جانابلىرىنىڭ بازاردىكى قوي گۆشى ئۇچۇن پۇل خەجلىگۇسى كەلمەي قالغانمۇيا؟ ئىلگىرى پېشقەدەم لىيەنجاڭ ، ھەر پەسىللىك قارىغا ئېتىش ئوقىدىن بىرنەچچە تالدىن قىسىپ قالاتتى ـ دە ، ماڭا كېيىك ئاتقۇزاتتى ، يېڭى لىيەنجاڭ ، كېيىنپلا خۇددى پېشقەدەم لىيەنجاڭدەك ، كىشى بېشىدىن بىر تال ئوق قىسىپ قالدى . نېمىگە ئىشلىتىدىكەن دېسەم مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ئىكەن . بۇلارنى لىيەنجاڭغا قانداق دېگىلى بولىدۇ .

— ئەكرەم شۇك بولۇپ قالدىڭغۇ ؟ — لىيەنجاڭنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ ، ئۇنىڭغا قارىدىم ۋە :

— شۇنداق قىلىپ ، قاچان ماڭىمەن ! — دېدىم .

— سەھەر ماڭساڭ بولىدۇ ، ۋاقتىنى ئۆزۈڭ بەلگىلە ، سەن ئىلگىرىمۇ ئوۋغا چىققانغۇ دەيمەن .

— شۇنداق !

— تاغ تېكىسى دېگەننىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ ئايرىپ ئاتقىلى بولىدىغاندۇ ؟

— تەس ، ئانچە ئاسان ئەمەس ، كېيىك دېگەن توپلىشىپ ئوتلايدىغان ھايۋان . ئايرىپ ئېتىش ئۇچۇن يېقىن بېرىش كېرەك .

— مەيلى نېمىلا بولسۇن بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇرىمەن .

لىيەنجاڭ چورت كېسىپ بۇيرۇق قىلدى . قەلبىمدە خۇشاللىق بىلەن ئەندىشە ، ئارىسالدىلىق بىلەن ۋەھىمە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى . خۇشاللىقىم ، تېكىدىن بىر ياكى ئىككىنى ئېتىپ كەلسەم ، سەمەر ھاكىممۇ ، لىيەنجاڭمۇ ، مەنمۇ خۇش ، ئېتىپ كېلەلمىسەم ... قانداق قىلارمەن ؟

— مانا ماۋۇ 20 تال ئوق ، ئاپتوماتنى ئالامسەن ياكى يېرىم

ئاپتوماتنىمۇ ئۆزۈلۈك تاللا . هە راست ، قايسى تاغقا بارىسەن ؟

— شۇڭقار تېغىغا !

— ياخشى گەپ ، ئەسلىي يالغۇز بارساڭ بولمايتتى ، نېمە ئامال ، بۇ ئىشنىڭ مەخپىيىتىنى نەزەردە تۇتمىساڭ بولمايدۇ . قازاننىڭ تۈۋىقىنىڭ يېپىق پېتىچە قالغىنى تۈزۈك ئۇكا ، سائەت نەچچىدە ماڭىسەن ؟

— بەشلەردە ماڭايمىكىن !

— ياخشى گەپ ، مەن ئالاقىچىگە دەپ قوياي ، سېنى سائەت بەشتە ئويغىتىپ قويسۇن . ئەتە چۈشتىن كېيىن ھاكىم ئىككىمىز سېنى شۇڭقار تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشيولدا كۈتىمىز ، ئەمىسە چىقىپ ئارام ئالغىن .

شۇڭقار تېغىغا قاراپ كېتىپ بارىمەن ، بۇ تەرەپكە نەچچە قېتىم كەلگەنلىكىم ئېسىمدە ئېنىق يوق . سەمەر ھاكىم مۇشۇ گازارمىغا كەلگەن چاغلاردىمۇ كېيىك ئېتىشقا بارغان ئىدىم . ئىلگىرى بۇ يەرگە ئىككى - ئۈچ جەڭچى بىرگە كېلەتتۇق ، كېيىكنىڭ تېگىسى بولامدۇ ، چىشىسى بولامدۇ قارا - قويۇق ئېتىپ ، ئاتقا ئارتىپ كېلىۋېرەتتۇق . مېنىڭ بۇ قېتىم ئوۋغا چىققان ۋاقتىم دەل كېيىكلەرنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇلغان پەيتىگە توغرا كەلدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ مۇنداق چاغدا ئوۋ قىلىش ، ئوۋچىلىقنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي قائىدە - يوسۇنىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان دۆلەت ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنىنى ئېلان قىلدى ، يەنە نېمىشقا لېيەنجاڭ مېنى سەمەر ھاكىم ئۈچۈن ئوۋغا چىقىرىدىغاندۇ؟ سەمەر ھاكىم قانۇندىن قورقمامدىكىنە ؟ ئۇلارنىڭ مېنى يالغۇز ئوۋغا چىقىرىشىدىكى سەۋەب كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورققانلىق بولسا كېرەك ؟ ئاھ ، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم - هە !

يىراقتىن بۆرىنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلىغان ئاۋازى

ئاڭلاندى. قورقۇنچ ئىچىدە پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ كەتتى، مۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە قولىدا قورال يوق ھەرقانداق ئادەم بۇ تاغ ئارىسىغا يالغۇز قەدەم باسالمايدۇ. مەنمۇ پەقەت قولۇمدىكى قورالنىڭ قۇدرىتى ۋە مەدىتى بىلەن كېتىۋاتىمەن. ئاھ، خۇدا، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىنى ئاڭلاپ كېيىكلەر يىراققا قېچىپ كەتمىگىدى، — مەن شۇ ئويلار بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي شۇڭقار تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى «چوڭ ئات ئۆلدى» دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەن چېغىمدا تاڭ يورىدى. بۇ يەر ئوۋچىلاردىن ۋە چېگرا چارلاپ چىققان ئەسكەردىن باشقا ئادەم كەلمەيدىغان، كېيىكلەرنىڭ قوشۇلۇپ ئوتلايدىغان خىلۋەت ماكانى ئىدى. ئە-گەر دېگىنىمدەك بولسىلا بىر - ئىككى تېكە دېگەننى ئېتىۋېلىش ھېچ گەپ ئەمەس. شۇنداق بولسا لىيەنجاڭمۇ خۇش، ھاكىممۇ خۇش. شۇ ئارىدا ھاۋا تۇتۇلۇپ قار لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ يەردە دەل - دەرەخ تۈزۈك ئايىنمايدۇ، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارمۇ ئاران بىر غىرىچچە ئۆسىدۇ. ھاۋانى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتتى. مەن ئاتنى خادا تاشقا باغلاپ قويۇپ تاغ ئۈستىگە ياماشتىم. ئالدىمدىكى چوققىغا چىقساملا، چوققىنىڭ ئالدى چوڭقۇر ئويمان، خۇددى داش قازاننىڭ ئۆزى. كېيىكلەر ئاشۇ جايدا كۈن قىزىلغىچە ئوتلاپ، ئاندىن توپ - توپى بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلىپ، يوشۇرۇنۇشقا تېگىشلىك جايلارغا بېرىپ كەچكىچە كۆيشەپ ياتىدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭلا يەنە ئوتلاشقا كېلىدۇ.

مەشرىق تەرەپتىن سەھەر شامىلى سوقماقتا ئىدى. مەن تاغقا مەغرىبتىن ياماشتىم. كېيىك دېگەن بۇ جانىۋارنىڭ پۇراش سېزىمى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ پۇراش سېزىمى ۋە يۈگۈرۈكلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھاياتلىقىنى قوغدايدۇ. ئوۋچىلارنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغىنى شامالنىڭ يۆنىلىشى. ئەگەر

كېيىكلەرنىڭ پۇراش سېزىمى ۋە قوغدىنىش تۇيغۇسى ئاشۇنداق كۈچلۈك بولمىغاندا، مۇشۇ ئالەم ۋە ئادەملەر بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالارمىدى ؟

ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ، بىردەم ئۆرە مېڭىپ، بىردەم ئۆمىلەپ، ئاخىر تاغ چوققىسىغا چىقتىم. پاھ، بۇ نېمە كارامەت، ئالدىمدىكى داشقازانغا ئوخشايدىغان ئويمانلىقتا نەچچە ئون توپ كېيىك جۇپ ـ جۇپى، توپ ـ توپى بىلەن ئوتلىماقتا. قايسىسىنى ئاتىمەن، ھە، راست، تېكىسىنى، پۇتلىرى ئۇزۇن، مۈڭگۈزلىرى يۆگىشىپ كەتكەن، ئاشۇ سېمىز، يوغىنىنى ئاتىمەن، مۇشۇنداق چاغدا كېيىك ئېتىش، ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئەمەسمۇ ؟ مىلتىقنى قولۇمغا ئېلىپ، چاقماقنىقايرىپ، ئوقنى سىتىۋۇلغا ئىتتىردىم. بىر قورام تاشقا مەيدەمنى قويۇپ تۇرۇپ قارىغا ئالدىم. تاغ ئۈستى ۋە يان باغىرلار تۇمانلىشىپ كەتكەن، ئەتراپ تىپتىنچ، ئەمما ھايات داۋام قىلماقتا. كېيىكلەر باش كۆتۈرمەي ئوتلىماقتا، ئۇلار، ھېلىقى زېمىننى قار بېسىپ كەتسە ئوزۇقسىز دىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئايرىلىپ قالىمىز، شۇڭا بىرنەچچە كۈن جان ساقلىغۇدەك يېۋالايلى دېگەندەك بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئوتلايتتى. مەن، سەل چەتتىرەك ئوتلاۋاتقان بىر جۈپ كېيىكنىڭ تېكىسىنى قارىغا ئېلىپ كۆرژىكنى باستىم. «گۈم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تىنچلىق بۇزۇلدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئوق تەگمىگەن ئىدى. كېيىكلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار، قانداقتۇر بىر دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆز ھاياتىغا قىلىنىۋاتقان قەست ۋە ياۋۇزلۇقنى سېزىپ، قوغدىنىشقا، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا ئاتلانغان ئىدى. كېيىكلەر بىرلا تارقاپ كەتسە ئامالسىز قالاتتىم. شۇڭلاشقا ئەركەك چىشىسىنىمۇ ئايرىپ ئولتۇرماي ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىشقا باشلىدىم. ئاتقان ئوقۇم زادىلا تەگمەيۋاتاتتى. «گۈم»، «گۈم»، «گۈم» 19 تال،

نەق 19 تال ئوق ئېتىلىپ تۇگىدى. مەن كۇرژىكنى بېسىشنى توختاتتىم، پەقەت بىر تال ئوقلا قالدى. بىرمۇ كېيىك يىقىل‐مىدى. بۇگۇن نېمە بولغاندۇ؟ مۇشۇ ئاخىرقى بىر تال ئوقمۇ زايا كەتسە، قانداق قىلغۇلۇق. چوڭ يولدا مېنى ھاكىم ساقلاۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ كۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن مىلتىق دورىسىنىڭ قاڭسىق ھېدى ھاۋاغا پۇرقىراپ تارقاۋاتقان، كېيىكلەر جان قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ يان باغىرلارغا كۆز تىكتىم.

مەن مۆكۈپ ياتقان يەرنىڭ شىمالىدىراق —— جىرا ئىچىدە بىر جۈپ كېيىك ئېگىز گە ئۆرلىمەكتە، تەقدىر ‐ قىسمەت شۇ مىكىن ‐ تاڭ، بۇ بىر جۈپ كېيىك ھاياتلىق يولىنى خاتا تاللاپ قالغان ئىدى. ئالدى تەرىپى ئېگىز ھەم تىكرەك بولغىنى ئۈچۈن قەدەمدە بىر پەسكە سىيرىلىپ كېتەتتى، يول ئىزدەپ ئەتراپقا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. بۇ ئىككى كېيىكنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى ئىدى. تېكىسى ئالدىدا، چىشىسى بەش قەدەمچە كەينىدە بولۇپ، تېكىسى بىر دەم ‐ بىر دەم توختاپ، ئۆزىگە ئەگىشىپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ كېلىۋاتقان ھەمراھىغا قاراپ قوياتتى. « خۇدا بەردى دېگەن شۇ » دېدىم ئىچىمدە. مانا، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى، ئاشۇ ئالدىدىكى تېكىسىنى ئاتاي، « گۈم » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تېكە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم سەكرەپلا يانتۇ يىقىلدى ‐ دە، ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن تىرەجەپ ئورنى‐دىن تۇرماقچى بولۇۋېتىپ، قىڭغىيىپلا 30 مېتىردەك پەسكە سىيرىلىپ، يانتۇ قورام تاشلىقتا يېتىپ قالدى. چىشى كېيىك تېكىسىنىڭ يىقىلغان ۋە غۇلاپ چۈشۈپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ ھەمراھىنىڭ يېنىغا چۈشتى، ئەتراپىنى خۇددى پەرۋانىدەك بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ توختىدى. ئاندىن ئاسمانغا قاراپ، ئا‐

جايىپ سىرلىق ۋە ئېچىنىشلىق ، زىل ئاۋازدا مەرىدى . بۇ زىل ، ئېچىنىشلىق ئاۋازدىن تاغلار تىترەپ ، جىلغىلار لەرزىگە كەلدى . تىلك قىيالاردىن قايتقان ئەكس سادادىن يۈرەكلىرىم جىغىلداپ كەتتى .

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى . ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلسا ، قېلىن قاردا يول تېپىپ پەسكە چۈشۈپ كەتمىكىممۇ تەسكە توختايتتى . ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوقنا ئېتىپ يىقىتقان ئولجامنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدىم . چىشى كېيىك تېكىسىنىڭ ئەتراپىنى ئۇن - تىنسىز ئايلىناتتى ، تېكىسنى تۇمشۇقى بىلەن تۈرتۈپ قوياتتى . تېكە جان تالىشىۋاتاتتى . مەن ئىلگىرى ئوۋچىلىق قىلغان كۈنلەردە كېيىكلەرنىڭ مۇنداق مەرىگىنىنى ئاڭلىمىغان ، پەقەت ئىسقىرتقاندەكلا بىر خىل ئاۋاز چىقارغىنىنى ئاڭلىغان . چىشى كېيىكنىڭ ئېچىنىشلىق مەرىشى ، تۇمشۇقى بىلەن تۈرتۈشى ، جان تالىشىۋاتقان ھەمراھىنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىشىنى كۆرۈپ بىردىنلا دادام رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتكەندە ، ئانامنىڭ دادامنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ نالە قىلىپ يىغلىغىنى كۆز ئالدىمدىن غىل - پال ئۆتتى - دە ، بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى . كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى ، ئارىلىقىمىز 10 قەدەمچە قالغان بولسىمۇ ، چىشى كېيىك پەرۋا قىلمايتتى .

ئاھ ، خۇدا ، بۇ ۋاپادارلىقمىدۇ ؟ مۇھەببەتمىدۇ ؟ ھايۋانلاردىمۇ مۇشۇنداق مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ھېسسىياتى بارمىدۇ ؟ تەبىئەت ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نازۇك ھېسسىيات ۋە مۇھەببەتنى ھايۋانلارغىمۇ ئاتا قىلغان بولغىيمىدى ، چىشى كېيىك جان تالىشىۋاتقان تېكىسنى تۇمشۇقى بىلەن بىر - ئىككى قېتىم تۈرتۈپ ، يۈراپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپلا ماڭا تىكىلدى .

كۆزلىرىدىن بىر خىل قورقۇمسىزلىق ۋە غەيرەت ـ جاسارەت، غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ نۇرلىرى چاقنىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل كەلگەن دۇمبىسى، ئاقۇشراق كەلگەن قورساقلىرى تىترىدى. بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، دۇمبىسىنى بىرئاز ئېگىپ ماڭا قاراپ غەزەپ بىلەن ئۇقتەك ئېتىلدى. تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، «گۈپ» قىلىپ يانبېشىمغا تەگكەن قۇدرەتلىك كۈچنىڭ زەربىدىن بىرنەچچە يۇمىلاپ، بىر چوڭ قورام تاشقا يۆلىنىپ قالدىم، چىشى كېيىك كەينىگە يېنىپ، ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتۇشى بىلەن تەڭ ئۆزۈمنى شارت قىلىپ چەتكە ئالدىم. قىساس ئوتىدا ئۆرتەنگەن، ئەسەبىيلىشىپ غالجىرلاشقان بىچارە چىشى كېيىكنىڭ بېشى «داق» قىلىپلا قورام تاشقا زەرب بىلەن تەگدى ـ دە، ئەتراپقا قىپقىزىل قان چاچراپ، قورام تاش ۋە مېنىڭ كىيىملىرىمنى بۇلغىۋەتتى. كېيىك قورام تاش يېنىغا گۈپ قىلىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ باش سۆڭىكى يېرىلىپ، مېڭە قېتىقى ۋە قىزىل قان چاچراپ چىققان ئىدى.

ئاھ، خۇدا، مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن. بىرى مېنىڭ ئوقۇمدا جان بەرگەن، بىرى ھەمراھى ئۈچۈن جەڭگە چۈشۈپ، قىساس ئېلىش يولىدا جېنىدىن ئايرىلغان ئىككى كېيىكنى بىر يەرگە ئېلىپ كەلدىم. بۇ بىر جۈپ ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن، تال ـ تال كىرپىكلىرى ئارىسىدا قېتىپ قالغان قاپقارا كۆزلىرىدىن، ئۆزلىرىگە مۇھەببەت، ھاياتلىق بەخش ئەتكەن، ھالاكەت ئاتا قىلغان بۇ ئالەمگە ۋە ئادەملەرگە بولغان بىر خىل مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى چاقناۋاتقاندەك قىلاتتى.

* *                * *

سەمەر ھاكىم ئەركەك ـ چىشىسنى سۇرۇشتۇرمەيلا ئىككى كېيىكنىڭ گۆشىنى پىكاپنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ كەتتى. لېيەنجاڭ ئىككىمىز گازارمىغا خۇشال قايتىپ كەلدۇق. شۇ كېچىسى قىزىتمام ئۆرلەپ پەقەتلام ياتالمىدىم. ئەتىسى لېيەنىنىڭ دوختۇرى مېنى ٨ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ كېسەلخانىدا ياتقۇزدى. نېمە بولغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ نامەلۇم، ئۈچ كۈندىن كېيىن خېلى ياخشىلىنىپ قاپتىمەن. كەچلىك ئوكۇلدىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە بازار چۆگىلەيدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى، دوختۇرخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا كۆڭلۈم لەگمەن تارتىپ قالدى. ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچا لەگمەن بۇيرۇتتۇم، ئۇزاق ئۆتمەي بىر قاچا لەگمەن ۋە بىر تەخسە قورۇما كەلتۈرۈلدى. قورۇما قوي گۆشى بىلەن كېيىك گۆشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قورۇلغان ئىدى. بۇنى پەقەت كېيىك گۆشى يەپ باققان كىشىلەرلا بىلئۋالاتتى. شۇ ئەسنادا كېلەگسىز، ئاشخانا خوجايىنى ئالدىمغا كېلىپ بىر پىيالە چاي قۇيغاندىن كېيىن قارشى تەرىپىمدە ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى.

ــ خېلى ياخشى بوپ قالدىڭىزمۇ ؟ ھەيران قالماڭ، مەن تۈنۈگۈن دوختۇرخانىغا كېسەل يوقلاپ كىرىپ سىزنى كۆرگەن. دوختۇر سىزنى « يىراق قارلىق تاغدىكى گازارمىدىن چۈشتى » دېگەنتى.

ــ شۇنداق، ساقىيىپ قالدىم، ــ دېدىم مەن ئاشخانا خوجايىنىغا بىر قارىۋېتىپ.

ــ سىز بار تاغدا كېيىكلەر كۆپتۇ ؟.

ــ قانداق دەيسىز !

— ماڭا لازىم، بىز دوست بولۇپ قالايلى.
— نېمىنى شۇنچە لازىم دەيسىز ؟
— كېپىك گۆشنى دەيمەن.
— ئاشخاناڭلاردا كېپىك گۆشى ئىشلىتەمسىلەر ؟
— سىزگە راستىنى دەي ئۇكا. خېلى بۇرۇندىنلا، سىز-دەك تاغدا ئىشلەيدىغان بىر ئەسكەر بىلەن تونۇشقۇم بار ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى، سەمەر ھاكىمنىڭ ئوغلى ماڭا كېپىك گۆشى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ. كېپىكنى ئۇنىڭغا تاغ گازارمىدىكى ئەسكەر تونۇشلىرى ئېتىپ بېرىدىكەن. ھاكىمنىڭ ئوغلى ئۇلاردىن كېپىك گۆشىنىڭ بىر كىلوگرامىنى يەتتە يۈەندىن ئا-لىمەن دەيدۇ. مەن 10 يۈەندىنلا پۇل بېرىمەن. ھاكىمنىڭ ئوغلى - دە، 10 يۈەندىن بەرمىسەم بولامدۇ ؟ ئەگەر سىز ئادرېسىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز مەن ماشىنا ئېلىپ بارسام، سى-لەرگە بىر كىلوگرامىغا سەككىز يۈەندىنلا پۇل بېرەتتىم.

سەمەر ھاكىمنىڭ سىرى ئاشكارا بولدى. گېلىم غىققىدە بولۇپ، لەڭمەنگە شۇئانلا تويدۇم. مەن چوكىنى جايىدا قويۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ھېلىقى خوجايىن كۆزىنى پارقىراتقانچە ئولتۇرۇپلا قالدى. مەن كېتىۋېتىپ، ئىچىمدە، « ئەمدى سەمەر ھاكىم ئۈچۈن ھەرگىز، ھەرگىز كې-پىك ئاتمايمەن، ھېلىقى كونى ئاتقىنىم ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوق بولۇپ قالسۇن » دېدىم.

1994 - يىل، 1 - ئاي

# كۆكۈل

قىبلىدىن شامال چىقىپ
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى .
باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ
كۆكۈل دېگەن ساراڭنى .

— ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

بارات قويلارنىڭ ئىچكى كېسەللىكلىرىنى قانداق داۋالاش كېرەكلىكى ئۈستىدە سەپداشلىرى بىلەن پىكىرلىشىۋاتاتتى ، تۇساتتىن ئىشىك چېكىلدى .

— كىرىڭ ، — دېدى بارات ئىشىككە قاراپ ، ئىشخانا ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ ، بېشىغا نىل رەڭ كەپكە ، ئۇچىسىغا ياشلار پاسونىدىكى بوغماق قارا چاپان كىيگەن بىر ئادەم «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ كەلدى . سالاپەتلىك بۇ ئادەم ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن باراتنىڭ ئىشداشلىرىدىن سەيدىن بۇ ئادەمنى بوش ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە :

— سەمتاخۇن ئۇستام ، ئۆزلىرى قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا ؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ .

— نېمىسىنى ئېيتاي ، — دېدى سەمتاخۇن ئۇستام

كەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ يەر ـ بۇيېرىگە ئاق سانجىغان چاچلىرىنى ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، — بېشىمغا كۆن چۈشتى، سىلەرنى دەردىمگە دەرمان بولارمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم.

— قېنى دېسىلە، قولىمىزدىن كەلسىلا خىزمەتلىرىگە تەيـيار، — دېدى سەيدىن.

— ئۆتكەن يىلى نەسىللىك بىر ئىنەك ئالغانتىم، تېخى يېقىندىلا بىر موزاي تۇغۇپ بەرگەنتى، ئىنەك تۇماراپ قاپتۇ، قورسىقى ئېسىك، يەم يېمەيدۇ، قاسساپقا بېرىۋېتەي دېسەم موزىيى تېخى ئەمدى 50 كۈنلۈك بولغانتى، ئېغىر كۆرمىسەڭلار ئۆيۈمگە بېرىپ...

— ۋاي خىجىل بولمىسىلا، مانا مۇشۇ ئۇكىمىز، — دېدى سەيدىن باراتنى كۆرسىتىپ، — ئۇ، ئاشۇنداق كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ پىرى، — ئەمىسە بارات ئۇكام سەن سەمىتاخۇن ئۇستامنى بىر خۇش قىلىۋەتكىنە.

— چاتاق يوق، بارسام باراي، كالىڭىز ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى بارات. سەمىتاخۇن ئۇستام ھەممەيـلەنگە رەھمەت ئېيتىپ ئىشكتىن چىقتى. باراتمۇ دورا ساندۇقىنى ئېلىپ سەمەت ئۇستىغا ئەگىشىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. سەمىـتاخۇن ئۇستام باراتنى ماشىنا كابىنكىسىغا تەكلىپ قىلدى...

بارات سەمەت ئۇستامغا ئەگىشىپ پاكار بىر ئىشكتىن كىرگەندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلدى. تامدەك يوغان بىر قارا ئىنەك ئوقۇرنىڭ ئالدىدا ئىنجىقلاپ تۇراتتى. بارات ئىنەكنى قول بىلەن سىلاپ تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بىلاندوسكوپ بىلەن ئۆپكە، يۈرەك ھەرىكىتىنى تىڭشىدى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى ئوقۇردىكى تاتلىق قارتۇشكە شاخلىرىغا چۈشتى ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا سورىدى:

— كالا مۇشۇ تاتلىق قارتۇشكە يوپۇرماقلىرىنى يېگەنمۇ ؟

— شۇنداق ئۇكام ، — دېدى سەمەتاخۇن ئۇستام .

— بۇ كېسەللىكنى ئۆزىڭىز تېپىپسىز ئۇستام . كالىغا مۇشۇنداق سولىشىپ قالغان تاتلىق قارتۇشكە يوپۇرماقلىرىنى ھەرگىز بېرىشكە بولمايتتى . بۇ نەرسە شىلىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ، كالا يېگەندىن كېيىن ئاشقازاندا شىلىمشىپ كالىنىڭ ھەزىم قىلىشىنى ناچارلاشتۇرىدۇ ، ئاندىن مونەكلىشىپ چوڭ تەرەت يولىنى توسۇۋېلىپ قورساق ئېسىكىنى پەيدا قىلىدۇ .

— ھەي ئىست ! — دېدى سەمەتاخۇن ئۇستام پۇچىلدىنىپ .

— كېرەك يوق ، قېنى مەن داۋالاپ كۆرەي ، — دېدى بارات ، — مانا ، دورىمۇ ئېچۇردۇق ، ئوكۇلمۇ ئۇردۇم . ئەمدىكى مەسىلە دورىنىڭ كالىغا تەسىر قىلىشىدا قالدى ، كالا ھازىر خەتەرلىك ئەھۋالدا ، مۇشۇ خەتەر ئۆتۈپ كەتسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ . بولدى ، ئەمدى بىردەم كۈتەيلى .

— ھەي گۈلخان ، بىر چۆگۈن سۇ ئېلىپ چىقە ! دوختۇر قولىنى يۇيۇۋالسۇن ، — دېدى سەمەتاخۇن ئۇستام .

بىرئازدىن كېيىن ئوتتۇرا بويلۇق چىرايلىق بىر چوكان چىقىپ كەلدى ۋە بارات بىلەن باش لىڭشىتىپ ئاددىيلا سالاملاشقاندىن كېيىن قولىدىكى چۆگۈننى سەمەتاخۇن ئۇستامغا بېرىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . سەمەتاخۇن ئۇستام باراتنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى . بارات قولىنى يۇيۇۋېتىپ ئىچىدە « بۇ ئايال سەمەت ئۇستىنىڭ قىزىمدۇ ، قىزى بولسا ، بۇ نەۋرە كۆرگەن ئادەملەركەن - دە » دېگەنلەرنى ئويلىدى .

— ھەي گۈلخان ، كۆرپە سال ، — سەمەتاخۇن ئۇستام شۇنداق دېگەچ باراتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى . ئىككى تامغا خوتەننىڭ ئانار گۈللۈك گىلىمى تارتىلغان ، سۇپا ئۇستىگە لوڭقا

گۈللۈك گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۆي ئىچى ئوتقاشتەك جۇلالى‌نىپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى شىرە ئۈستىگە 20 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، ئاستىغا قوش كانايلىق ئۈنئالغۇ قويۇلغان ئىدى. 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بىلەن يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى بىر قىز ساپادا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. بارات سەمەتاخۇن ئۇستامنىڭ ئورۇن كۆرسىتىشى بىلەن تۆردىكى تاۋار كۆرپىگە قورۇنۇپراق ئولتۇردى.

— ئۇكام، ئەھۋالدىن قارىغاندا بويتاق ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق ئۇستام، — دېدى بارات، — مەن تېخى يېڭىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدىم. شۇڭا ئىدارىدا ياتاقتا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەۋاتىمەن. ئۆيىمىز يىراق، بېرىپ - كېلىپ ئىشلەشكە ئېغىر كېلىدىكەن.

— تاماقتىن قىينالغانسىز ھەقچان.

— ھازىر كۆنۈپ قاپتىمەن، — دېدى بارات.

سەمەتاخۇن ئۇستام داستىخان سالدى، گۈلخان بىر تەخسە لەگمەننى باراتنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكسىز سۆيگۈ تەشنالىقىدا خۇمارلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىسسىق چىراي بۇ ئايال ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. ئۇ، ئۇنىڭغا قارىماسلىققا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ قارىغۇسى كېلەتتى. ئوغرىلىقچە قارىغاندا بولسا، ئايالمۇ تەڭلا قارايتتى - دە، ئوتلۇق كۆزلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى ... ئاش ئۇنىڭغا بەك تېتىدى. باراتنىڭ ئانىسىمۇ لەگمەننى مۇنداق ئوخشىتىپ ئېتەلمەيتتى. باراتنىڭچە بولغاندا دۇئادىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتار ۋاقتىدا كەتكۈسى بار ئىدى. بىراق باياتىن «ياتاققا بېرىپ دورا ئېلىپ كېلەي» دەپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئۇ سىرتقا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلمىسە بولمايتتى. سەمەت ئۇستا

ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ:

— ماقۇل ئوكام، تېزراق كېلىڭ، ئۇزاتمىدىم ـ ھە! — دېدى.

بارات كېتىۋېتىپ ئويلايتتى: «مەن قاچانمۇ ئاشۇنداق ئۆيگە ئىگە بولارمەن. ماۋۇ ئۇستامنى قاراڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنى ئۆزىنىڭ قىزىدەكلا ياش ئىكەن (باياتىن سەمىتاخۇن ئۇستام ‹ ھەي خوتۇن › دەپ چاقىرغاندىلا بۇنى بىلگەن ئىدى). ئايال خەق دېگەن پۇلى بار ئادەمگە ياش ـ قېرى دېمەي تېگىۋېرىدىكەن. توۋا، چېنىپلا قاپتۇ. ئەگەر دادام باي ئادەم بولغان بولسا مەنمۇ ئۆيلىنىۋالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!». بارات خىياللار بىلەن كىنوخانا ئالدى ۋە كەچلىك بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاران ئىككى سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ سەمىتاخۇن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كالىغا قارىدى. كالىدا ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلگەن ئىدى. ئۇ كالىغا يەنە بىر ئوكۇل ئۇرۇپ قويۇپ، سەمىتاخۇن ئۇستامنىڭ «قونۇپ قېلىڭ» دېيىشىگە ئۇنىماي كېتىپ قالدى.

* *    * *

قەھرىتان قىش. بارات شالدىرلاپ تۇرغان كونا ئەبجەق ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە يېرىم تاغار كېپەكنى ئارتىپ يېزىدىكى ئۆيىدىن ماڭغانچە ئۇدۇل سەمەت ئۇستىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ بېشىدا قارا سۆكنۇ كەپكە، ئۇچىسىدا سۇپىتى ناچار كۆپتۈرمە چاپان بار بولۇپ، سوغۇقتا قاتتىق توڭۇپ كەتكەن ئىدى. تىزلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، كاناي شىم ئىچىگە كىيىۋالغان تور ئىشتاندىن ئۆتكەن سوغۇق ئۇدۇللا سۆڭەككە تېگەتتى. قونجىسىز ئاياغ، قېلىن پايپاق ئىچىدە تۇرغان پۇتلىرىمۇ سەزگۈسىنى يوقىتىشقا تاسلا قالغان ئىدى. «سەمەت

ئۇستامنىڭ ئايالى بارمىدۇ ـ يوقمىدۇ ؟ — دېدى بارات ئىچىدە ، — ئەگەر بار بولسا مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ نېمە دەپ قالار ـ ھە ! قېلىنراق كىيىنەي دېسەم ئالغان مائاشىم تايىنلىق . ئازغىنا پۇل نېمىگە يېتىدۇ . ھەي ، شۇ سەمەت ئۇستام كېپەكنىڭ گېپىنى قىلمىغان بولسىغۇ ئۆيىگىمۇ كەلمەستىم ، مۇشۇنداق جاق ـ جاق سوغۇققىمۇ قالماستىم » .

بارات توڭلىغان قوللىرىنى بىر پەس ئۇۋۇلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشكنى قاقتى . قۇياش ئولتۇرۇپ قاش قارايغان چاغ ، ئەتراپ جىمجىت ، سىرتتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى . بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ سەمەت ئۇستىنىڭ چوڭ ئوغلى مەخمۇت بوسۇغىدا پەيدا بولدى ۋە باراتنى كۆرۈپ :

— ئانا ، بارات ئاكام كەپتۇ ، — دەپ ۋارقىرىدى .

— ۋاي ، بارات ئاكاڭ كەپتۇما ، چاقىقان ئۆيگە باشلا بالام ، — گۈلخان ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى دېدى ـ دە ، ئارقىدىنلا ھويلىغا چىقتى ۋە ، — ھوي ، بۇ سوغۇقتا نېمانداق تۇرۇۋېرىسىز ، بولۇڭ ، ئۆيگە كىرىڭ ، ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىدىكى نېمە ئۇ ؟

— كېپەك ! — دېدى بارات ، — سەمەت ئۇستام كېپەكنىڭ گېپىنى قىلغۇدى . تۈنۈگۈن يېزىدىكى ئۆيگە بارغاندىم ، شۇڭا ئالغاچ كەلدىم .

— ۋاي ـ ۋۇي ، ئۇ سىزنى تازىمۇ ئاۋارە قىپتۇ ـ دە!

گۈلخان باراتنى ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە مەشنىڭ يېنىغا بىر كىچىك ئورۇندۇق قويۇپ ، باراتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . بارات قىزىرىپ كەتكەن مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنىلا لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى . گۈلخان بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇپ باراتنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن :

— ھەي ، مۇشۇنداق سوغۇقتا سەمەتنىڭ نېمە قىلغىنىكىن - تاڭ ، بۇ ؟ كۆپ جۇۋاپسىز ، رەھمەت سىزگە .

— مۇشۇنچىلىك ئىشقا رەھمەت دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، بۇ قانچىلىك ئىشتى . ھە ، راست ، سەمەت ئۇستام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ — دېدى بارات گۈلخانغا قاراپ .

— شوپۇر دېگەن تالانىڭ ئادىمى ئىكەن ، كېلىدۇ ، كېتىدۇ ، كېلىدۇ . سىزگە مەلۇم ، بىر ئۆينىڭ دەردى - بالاسى ماڭىلا . سەمەت ئۆيگە كەلسىمۇ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرمەيدۇ ، كۈندۈزى تېخى ، كېچىسى تېخى . ئۇنىڭ ئاشۇ تۈگىمەس ئۇيقۇسىدىن خويمۇ زېرىكتىم دەڭا ، ھەپتە - ئون كۈن ئۆتۈپ كەتسىمۇ سەن نەدە خوتۇن دەپمۇ قويمايدۇ ، — دېدى گۈلخان قاقشاپ .

— كونىلار « يول ئازابى گۆر ئازابى » دەپتىكەن . ئەتىگەندىن كەچكىچە يول يۈرۈپ چارچاپ كېتىدىغاندۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەت ئۇستام يولدا ئانچە - مۇنچە قوشۇمچە پۇل تاپىدىغاندۇ ، — دېدى بارات سەمەت ئۇستىنى ئاقلاپ .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى گۈلخان قازاندىكى سۇيۇقئاشنىڭ تۇزىنى تېتىۋېتىپ ، — ھازىر ماڭىمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ .

گۈلخان باراتنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئالدىدىكى تاماق شىرەسىگە ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە سۇيۇقئاشنى قويۇپ :

— ئىچىڭ ، ئەسلىدە بۇگۈن لەگمەن ئەتمەكچى ئىدىم ، قارىسام بەك توڭلاپ كەتكەندەك قىلىسىز ، دەرھال سۇيۇقئاشقا ئۆزگەرتتىم . سۇيۇقئاش دېگەن ئىسسىق باسىدۇ ، — دېدى .

بارات تېلىۋىزورغا ئانچە - مۇنچە قاراپ قويۇپ سۇيۇقئاشنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى . مەشتە كۆمۈر چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى . باراتنىڭ باش - كۆزلىرىدىن توختىماي تەر

قويۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ تەرلىرىنى بىرقانچە قېتىم سۈرتۈپ، يېنىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ بىر - ئىككى شورىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خېلى كەچ بولۇپ قالدى، مەن ئەمدى قايتايمىكىن، — دېدى رەھمەت ئېيتقاچ.

— ھەي، نېمىگە ئالدىرايسىز، تېلېۋىزور تۈگىسۇن، تەرلىرىڭىز قۇرۇسۇن، ھازىر سىرتقا چىقسىڭىز زۇكام بولۇپ قالىسىز. نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، ياتىقىڭىزدا سىزنى بىرى كۈتۈپ تۇرمىغاندۇ؟ — دېدى گۈلخان چاقچاق ئارىلاش.

مەخمۇت بىلەن مېھرى ئاشنى ئىچىپ بولۇپلا ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. شۇڭا گۈلخان باراتنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— قېنى، كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — سىز قىز بالىدەكلا تارتىنچاق ئىكەنسىز، قاراڭ سىزنى، يىگىت دېگەن ئىچىلىپ - يېيىلىپ كەڭ - كۇشادە ئولتۇرىدىغان، سۆيگىنىڭىز بارمۇ؟...

بارات نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېلېۋىزورغا قارىۋالدى. گۈلخان باراتقا يانداشىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېقى ئاق، قارىسى قارا چوڭ - چوڭ كۆزلىرى پات - پات باراتنىڭ شالاڭ سارغۇچ قاشلىرىغا، چوڭقۇر نۇرلۇق كۆزلىرىگە، سەل پاناقراق كەلگەن قاڭشىرى ۋە ئۆسكىلەڭ چاچلىرىغا، كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بەستىگە ھەر قېتىم ئاستىرتىن قارىغان چېغىدا، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىر خىل ئېغىر خۇرسىنىش ئارىلاش ئاللىقانداق تەلپۈنۈش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق باھارىنى، شۇنداقلا ياشلىقىنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بىر كىشى بىلەن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا ئېسىگە ئېلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا

كېلىپ قالغان ئىدى. بارات قاراشقا تېلېۋىزورغا بېرىلىپ كەتكەندەك قىلغان بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە كۆرۈۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. گۈلخان بۇنداق جىمجىتلىقنى خالىمىدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى پىيالە چاي قۇيۇپ كېلىپ بىرنى باراتقا سۇنغاندىن كېيىن يەنە سۆز ئالدى:

— تېزراق توي قىلىڭ، توي قىلسىڭىز مۇشۇنداق ئىللىق ئائىلىگە، ئىسسىق ئاشقا، كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئىگە بولىسىز. هازىرچە قېلىنراق كىيىنىڭ، ئاغرىپ قالماڭ يەنە، — دېدى.

— بولىدۇ، مەن ئەمدى قايتاي.

— مەيلىڭىز، سىزنى قونۇپ قېلىڭ دېمىدىمغۇ تېخى؟

— قونسامغۇ بولاتتى، سەمەت ئۇستام كېلىپ قالسا...

ئۇ، چېقىشىپ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئۆزىمۇ هەيران قالدى.

— سەمەت ئۇستىڭىزمۇ بەلكىم بىر يەرلەردە ئۆزىگە لايىق بىرنى تېپىپ، كابىنكىسىدا جۇۋىسىغا سولاپ ياتقاندۇ، — گۈلخان بۇ گەپلەرنى دېگەچ قايرىلىپ باراتقا قارىدى. ئۇ باراتنىڭ كۆزىدىن بىر خىل هېسسىياتنىڭ — ئۆزى ئەڭ تەلپۈنۈۋاتقان نەرسىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. گۈلخان پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كەتسىڭىزمۇ كېتىڭ، تالا سوغۇق، سەمەتنىڭ چاپىنىنى بىرنى ئاچىقىپ بېرەي كىيىپ كېتىڭ، ۋاقتىڭىز يەتسە ئەتە ئالغاچ كېلەرسىز، — دېدى - دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

گۈلخان پارقىراپ تۇرغان موۋۇت ياقىلىق، قارا خۇرۇم چاپاندىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ:

— بۇ سەمەتنىڭ چاپىنى، كىيىۋېلىڭ، — دەپلا باراتقا كىيگۈزدى ۋە چاپاننىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋېتىپ، — ئەجەب

ياراشتى ، ـــ دېگەچ باراتنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى بوشقىنە چىمداپ قويدى . بارات بىردىنلا ئۇنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى كاپپىدە تۇتۇپ قايرىدى .

ـــ ۋىيەي ... ئۇنداق قىلماڭ ... سەت بولىدۇ ... ـــ دېدى گۈلخان ئەتەي نازلىنىپ ، ـــ هازىر قىنىڭىزدا كېتىۋىلىڭ ... كې‍يىن ...

ـــ كەتمەيمەن ، قانداق قىلىسىز ... ئەمدى قوغلىسىڭىزمۇ كەتمەيمەن ! ... ـــ دېدى بارات بىردىنلا غالجىرلىشىپ .

بارات بېسىۋالغۇسىز هاياجان تۈپەيلى لاغىلداپ تىت‍رەيتتى . يۈرىكى پولاتلاپ هاسىراپ ـ هۆمۈدەيتتى ، ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ زادىلا بولالماي قالغان ئىدى ...

بىلەكلەر ، ئېغىز ـ چىشلار ... بىر ـ بىرى بىلەن ئاجرات‍قۇسىز دەرىجىدە مەهكەم كىرىشىپ كەتتى ... گۈلخان ئۆزىنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىۋاتقىنىنى ، گۇناهقا قەدەم قويۇۋاتقىنىنى بى‍لىپ تۇرسىمۇ ، جەننەتنىڭ ئىشكى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاستاغىنا ئېچىلىۋاتقىنىنى سېزەتتى . هە ، ئۇلار راستتىنلا جەننەتتە خۇددى هاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتىدەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى . بۇ يەردە ئىككىسىدىن باشقا ئىنس ـ جىن يوق بولغاچقا هەرقانداق ساختىلىق ، نىقابلار يوق ئىدى ؛ بۇ يەردە هەرقانداق بۇرچ ـ مەسئۇلىيەت تۇيغۇلىرى ماماكاپتەك توزۇيتتى ؛ بۇ يەردە ۋاقىت كۈچلۈك مۇهەببەت ـ سۆيگۈ تەپتىدىن خۇددى ئۇلارنىڭ جىسمىدەكلا ئېرىيتتى ؛ بۇ يەردە دۇنيا غايىب بولغان ئىدى ؛ بۇ يەردە ئىككى تەن ئۆزئارا سىڭىشىپ بىرلا ۋۇجۇدقا ـــ جەننەت قۇشىغا ئايلانغان ئىدى ؛ بۇ قۇش هالاكەتتىن ـــ ئۆلۈم‍دىن نىجاتلىق تاپقان سۇمرۇغ ئىدى ...

چەكسىز شېرىنلىك ، چەكسىز لەززەت ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قوللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن جىسمىنى ، پۈتۈن

ئەزالـىـرىـنـى چـىـدىغۇسىز دەرىجىدە راھەتلەندۈرۈپ سىلايتتى ، سىلايتتى ، سىلايتتى ...

گـۈلـخـان بـىـردىـنلا ئىـچ ـ ئىـچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلاپ كەتتى .

بارات لاسسىدە بوشىشىپ سورىدى :

— نېمە بولدى سىزگە ، نېمىدەپ يىغلايسىز ؟

— ئۆزۈمـمـۇ بىلمەيمەن ... — دېدى ئۇ ھېقىلداپ تۇرۇپ تـەسـتـە ، — شۇنداق يىغا تۇتۇپ كەتتى ... مەن يىغلىۋالاي ، قاندـ غۇچە يىغلىۋالاي ! ...

بـارات يـۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئېرىتىپ ئۈلـگـۈرەلـمـەيـتـتى . ئۇ ، شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزاق يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئاخىر چوڭقۇر بىر « ئۇھ » تارتىپ دېدى :

— مـەن ئەرگـە تەگدىم ، ئىككى بالىلىقمۇ بولدۇم ، ئەرلەر مـۇشـۇنـداقلا بـولسا كېرەك دەپ يۈرۈپتىمەن ... ئەمما ، مەن تېخى بىرمۇ ھەقىقىي ئەر بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان ئىكەنمەن ...

— مـەنـمۇ تاكى بۈگۈنگە قەدەر قىز ـ ئاياللار قىممەتلىك ۋاقــىـت ، زېـھـىن سەرپ قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ ، ئادەم ئۆزىنى مىللەتـ نـىـڭ ، خـەلـقـنـىـڭ ، پـۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغىلا بـېـغـىشلىشى كېرەك دەپ ئويلايتتىم ... ۋاھالەنكى ، مەن ھاياتنىڭ ھەقـىـقـىـي ، مەڭگۈلۈك ئىچكى مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ، مەنىلىك يـاشـىـدىم دەپ يۈرۈپ ئەمەلىيەتتە بىرئازمۇ مەنىلىك ياشاپ باقمىـ غـان ئىـكـەنـمـەن ... سىز ، پەقەت سىزلا مېنى ھاياتلىققا قايتىدىن تۇغدىڭىز ، مېنى ئاپىرىدە قىلدىڭىز . مەن سىز ئارقىلىق ، سىزنىڭ سـىـرلـىـق تـېـنـىـڭىز ئارقىلىقلا ئۆزۈمنى ، بۇ دۇنيادىكى ھەممە ـ ھەممىنى چۈشەندىم ، ھېس قىلدىم ...

ئۇلار شـۇ تـەرىزدە پاراڭلىشىپ تاڭ يورۇشقا باشلىغىنىنى سەزمەيلا قېلىشتى .

* *　　　　* *

ئەنە شۇ شېرىن ۋە كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشتىن كېيىن گۈلخاننىڭ ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا بولغان قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىنسان ماددىي تۇرمۇشنىڭ باياشات بولۇشىغا موھتاج، لېكىن ئۇ مەنىۋى تۇرمۇشقىمۇ تويۇنۇشى كېرەك ئىكەن. گۈلخان مۇشۇ كۈنلەردە تۇرمۇش باياشاتلىقىنىڭ ئىنسانىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ھەقىقىي روھىي ئازادلىك ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇنى شەيتان ئازدۇردى. ئەنە شۇ شەيتان ئازدۇرۇش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قەلبىدە ياشلىق ھېسسىياتى قايتىدىن ئويغاندى، ساداقەتمەن ئايالنىڭ ھېسسىياتى داۋالغۇدى. مانا ئەمدى سەمىتاخۇن ئۇستامنىڭ قېرىلىق يېتىپ گۆشى قاچقان ۋە بېنزىن پۇراپ تۇرىدىغان بەدەنلىرى گۈلخاننىڭ بەدىنىگە مۇزدەك تېگىدىغان بولدى. كۆڭلى تېخىمۇ سوۋۇدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ۋە ۋۇجۇدى باراتقا تەشنا ئىدى. ئەمدى ئۇ سەمىتاخۇن ئۇستامنىڭ تېزراق سەپەرگە چىقىشىنى، ئۇزاقتىراق كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. گۈلخاندا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىش سەمىتاخۇن ئۇستامنىڭ كۆڭلىگە بىر قارا سايە، ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بىر قارا سايىنى تاشلىدى. بىراق، تېخى توي قىلمىغان يەنە كېلىپ ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بىر يىگىتنىڭ خەقنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپ بولسىمۇ ئۇنى بەربىر تاشلىۋېتىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇ بۇنى ئويلىسا قورقاتتى، خورلۇق ھېس قىلاتتى...

سەمىتاخۇن ئۇستامنىڭ قوشنىلىرى بارات بىلەن گۈلخاننىڭ ئىغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەنلىكىنى خېلى بۇرۇن سېزىپ قېلىشقان بولسىمۇ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشتى. نېمە دېگۈلۈك، سەمىتاخۇن ئۇستامغا «خوتۇنۇڭ ماۋۇ شۇمتەكنى ئۆگىتىۋالدى»

دېسۇنمۇ ؟ مۇنداق دېيىشكە ھېچكىم پېتىنالمايتتى .
سەمەتاخۇن ئۇستام 500 كىلومېتىر يولنى بېسىپ كېچە سائەت ئۈچ بولغاندا ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولى رولدا بولسىمۇ كاللىسىدا ھەر خىل ئوي ـ خىيال ، يۈرىكى مۇ- جۇلاتتى ، غەزەپتىن ۋۇجۇدى تىترەيتتى . ئۇ مۇشۇ سەپەرگە چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن قىزىنىڭ قولىدا بىر دانە رەڭلىك ماي قەلەمنى كۆرۈپ قالغان ئىدى . شۇ كۈنى قەلەمنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سوراپ باققۇسى كەلدى :
— قىزىم ، بۇ قەلەمنى ساڭا كىم بەردى ؟ ... — دەپ سورىغان ئىدى ، مېھرى :
— باراتكام بەرگەن ، — دېدى .
— باراتكاڭ قاچان بەردى ؟
— ئۆتكەندە سەن سەپەرگە چىقىپ كەتكەن كۈنى كەچقۇرۇن كەپتىكەن ، شۇ كۈنى تاپشۇرۇق ئىشلەڭ ، دەپ بەر- گەن .
— ئۇ شۇ كۈنى كەتتىمۇ ياكى ... — سەمەتاخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى .
— مەن ئاكام بىلەن ئۇخلاپ قالغاندا كەتمىگەن ، باراتكام ھەر كۈنى كېلىدۇ . باراتكام كەلگەندە ، ئانام ياخشى تاماق ئېتىدۇ .
قىزىنىڭ بۇ ساددا جاۋابى سەمەتاخۇن ئۇستامنىڭ مېڭ- سىدىن تۇتۇن چىقىرىۋەتتى . مانا ، ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا غەليان كۆتۈرۈۋاتقىنى يەنە شۇ گۇمان ئىدى . « بۇگۈن كېچە كىرەيمۇ ؟ ياكى كىرمەيمۇ ؟ ئەگەر ئۆيگە كىرسەم بۇ ئىككى نائەھلىنىڭ ئۇستىدىن چۇشۇپ قالسام ... ‹ ياق ، ياق › دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆ- زىگە تەسەللى بېرىپ ، — نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ مېنىڭ ھالال نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنۇم ، ‹ گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ › دېيىش- كەن . مەن نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن ؟

كىچىك قىزىمىنىڭ گېپىگە ئاساسلىنىپمۇ ؟ ئۇ ماڭا 10 نەچچە يىل خوتۇن بولدى ، تامىقىمنى ئەتتى ، كىرىمنى يۇدى ، تەرتىمگە سۇ بەردى ، ئۆيۈمنى تۇتۇپ بالىلىرىمنى باقتى ... »، «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تېز كېلىۋاتقان ماشىنا ئوڭ تەرەپكە سەل - پەل قىيسايغاندەك بولدى . سەمەتاخۇن ئۇستام ماشىنىنى يول ياقىسىغا توختاتتى . ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئالدى چاقى ئېتىلغان ئىدى . تەلىيىگە زاپاس چاقمۇ بار ئىدى . ئۇ ماشىنا چاقىنى بىر دەمدىلا يەڭگۈشلەپ بولدى . ئۇ سودا كوپېراتىپ ئا-ئىلە قورۇسىغا يېقىنلاپ قالغاندا ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىر ئادەمنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ چوڭ كوچىغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆ-رۈپ قالدى . ئۇ كىمكىنە ؟ سەمەتاخۇن ئۇستام ماشىنىنى ئاستىلاتتى ۋە بىردىنلا بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىش كويىدا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى يەنە تېزلەتتى . ئۇ ماشىنىنى دەرۋازا تەرەپكە بۇرىماي ئۇدۇللا دەرۋازىدىن چىققان ھېلىقى كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ھەيدىدى . ھېلىقى ئادەم تام تۈۋىدىكى پىيادىلەر يولىدا تۈگۈلۈپ كېتىپ باراتتى . سەمەتاخۇن ئۇستام ماشىنىنى ئاستىلىتىپ ھېلىقى كىشىگە قارىدى . ئۇ تونۇدى ، راست تونۇدى ، ئۇ بارات ئىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . غەزەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى . ئۇنىڭ ماشىنىسى بىردە يولنىڭ ئۇ چېتىگە چىقىپ كەتسە ، بىردە بۇ چېتىگە چىقىپ كېتەتتى . ئۇ شۇ تەرىزدە نەچچە كىلومېتىر يول مېڭىپ شەھەر سىرتىغا چىققاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ ، ماشىنىنى كەينىگە ياندۇردى - دە ، قورۇغا كىردى . ماشىنىنى توختىتىپ ئىشىك ئالدىغا باردى . كېچىدىن بۇيان يېغىپ تېخى يېڭىلا توختىغان قىلىن قار ئۈستىدە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققان بىر ئەر كىشىنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ كۆزىگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى . سەمەتاخۇن ئۇستام ئىز قوغلاپ باراتىنىڭ ياتىقىغا بېرىپ كىر-

سۇنىمۇ ؟ « سەن مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن بىرگە يېتىپسەن ، مانا ئىزىڭ » دەپ جودا قىلسۇنمۇ ؟ بىراق ، نومۇس ئۆلۈمدىن قاتتىق . ئۇنىڭغا ، بالىلىرىغا ، كەلگۈسىگە يۈز كېرەك . خەير بوپتۇ ، بالىلىرىمنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ « قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە ، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە » ھەل بولغىنى تۈزۈك ، باراتنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ جېدەل قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق . ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . « خۇدانىڭ كۈنى ئۇزاق » دەپ باراتنىڭ ئەدىپىنى كېيىن بېرىش نىيىتىگە كەلدى . ئەگەر سەمىتاخۇن ئۇستامدا ئاشۇنداق ئېغىرلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بولمىغاندا باراتنىڭ ياتىقى ئالدىدىن ھەرگىز كەينىگە يانمىغان بولاتتى .

ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ، ھاۋا سوغۇق ئىدى . مەشرىق تەرەپ ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى . شەھەر تاتلىق ئۇيقۇغا چۆككەن . ئەتراپتىن خورازنىڭ سوزۇپ چىللىغان زىل ئاۋازى ئانچە - مۇنچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى . سەمەت ئۇستام شۇ تاپتا « بۇ ئاسىي خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا ، مەنمۇ بۇ دۇنيادىن بىر يوللا تۈگىشەي ، بالىلىرىم ئانىسىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى ، دادىسىنىڭ ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالسۇن » دېگەننىمۇ ئويلىدى ۋە بىردىنلا بۇ نىيىتىدىن ياندى . « قاتىللىقنى خۇدا خالىمايدۇ ، ئەڭ ياخشىسى ئائىلەمنى ساقلاپ قالاي ، ئىككى بالامنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ گۈلخاننىڭ ئۆزىگە دەي ، بۇنىڭدىن كېيىن تالاغا قارىماسلىقنى ، ئۆزى ھەم بالىلارنى ئاياشنى ، بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بارات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى ئېيتاي » . ئۇ ئىشىكنى زەرب بىلەن قاقتى . ھويلىدىن « كىم » دېگەن قەھرلىك بىر سادا چىقتى . بۇ گۈلخاننىڭ ئاۋازى ئىدى .

— مەن ، ئىشىكنى ئاچ ! — سەمەتاخۇن ئۇستام ئاۋازىنى ھەرقانچە سىلىق چىقارماقچى بولغان بولسىمۇ ئاۋازى يەنىلا قوپال ۋە غەزەپلىك چىقىپ كەتتى . گۈلخاننىڭ يۈرىكى « جىغ » قىلىپ قالدىيۇ ، ئۆزىنى رۇسلاپ ئىشىكنى ئاچتى .

مەشتە كۆمۈر چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى . سەمەت ئۇستام بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆيگە — بالىلىرىنىڭ يېنىغا كىردى . ئىككى بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . سەمەت ئۇستام ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى :

— مەشكە نېمانچە بۇرۇن ئوت يېقىۋەتتىڭ ؟

« قورقىقان بالدۇر مۇشت كۆتۈرەر » دېگەندەك ، گۈلخان بىردىنلا يوتقاندا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ، غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇ دېگەن ئۆي ، قاچان ئوت ياققۇم كەلسە شۇ چاغدا ياقىمەن . نەمۇنەدىن ئەمدى كېلىپ سوراققا تارتقىنىنى تېخى !

گۈلخان ئېرىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەنلىكىنى سەزگەچكە يالۋۇرغاندىن كۆرە ، كۆكەملىك قىلىپلا تەلەي سىناپ كۆرمەكچى بولغان ئىدى ، مۇشۇ سەۋەبلىك ئاجرىشىپ كېتىمەنغۇ دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ يەتكەن ئىدى .

— بوش ھۆركىرە ، بۇگۈن سېنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىڭ ماڭا ئايان ، راست گەپنى دېسەڭ ...

— ھە ، ھۆركىرىسەم قانداق قىلاتتىڭ ؟ — گۈلخان مىشىلداپ تۇرۇپ ئاۋازىنى قويۇۋەتتى ، — كۆڭلۈڭ كۆتۈرمىسە قويۇۋەت ، مەن سەندىن جاق تويدۇم . سەن قېرىغا مەن باشتا بىلمەي تېگىپ قالغان ئىكەنمەن . بولدى ، مېنىڭ خېتىمنى بەر ، ئۆزۈڭگە ئوخشاش قېرىدىن بىرنى تېپىۋال .

— ماقۇل ، مەن ئۆزۈمدەك بىر قېرىنى تېپىۋالاي ، ئەمىسە كۆزۈمدىن يوقال ، ھۇ رەسۋا ! ...

سەمەتاخۇن ئۇستامنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلغان ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى تۇتالماستىن يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ گۈلخاننىڭ ئۇستىگە تاشلاندى. ئۇ گۈلخاننىڭ چېچىدىن تۇتۇپ يوتقاندىن سۆرەپ چىقىرىپ، پەگاھقا خۇددى ئەسكى تاغارنى ئاتقاندەك ئاتتى ۋە باش - كۆزىگە ئايىماي ئۇرۇشقا، دەسسەشكە، مۇشتلاشقا باشلىدى. گۈلخاننىڭ داد - پەريادى، جاراڭ - جۇرۇڭلار قوشنىلارنى ئويغىتىۋەتتى. باللار ئويغىنىپ نالە - پەرياد قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ئۆي ئىچىدە قىيامەت بولدى. ئەگەر گۈلخان «بولدى، مېنىڭ خېتىمنى بەر، ئۆزۈڭدەك بىر قېرىنى تېپىۋال» دېمىگەن بولسا سەمەتاخۇن ئۇستام مۇنچە غەزەپكە كەلمەس ئىدى. گۈلخاننىڭ بۇ سۆزى خۇددى يارا ئېغىزىغا تۇز سەپكەندەك دەرد ئۇستىگە دەرد قوشۇپ سەمەتاخۇن ئۇستامنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى - دە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۇنجۇقۇپ تۇرغان غەزەپ - نەپرەت بىردىنلا پارتلاپ چىقتى.

قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىرنەچچىسى سەمەتاخۇن ئۇستامنىڭ هويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئارىغا كىردى. ياۋاش - يۇمشاق بۇ ئۇستامنىڭ بۇگۈنكىدەك غالجىرلىشىپ چېكىگە يەتكىنىنى شۇ چاغقىچە هېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

* *　　　　* *

گۈلخاننىڭ هوشىغا كېلىپ تۇنجى كۆرگەن ئادىمى بارات بولدى. ئۇ يا كۈلۈشىنى، يا يىغلاشىنى بىلەلمەي كۆزىنى پارقىرىتىپ باراتقا قارىغانچە بىر هازا تۇرۇپ قالدى.

— گۈلخان، سىز ... — دېدى بارات بىر پەس تېڭىرقاپ، — ئاخىر كۆزىڭىزنى ئاچتىڭىز، ئەمدى ياخشى بولدى، بارا - بارا ساقىيىپ كېتىسىز.

— سىز بۇ يەرگە قاچان كىرگەن ؟ — دېدى گۈلخان لەۋلىرىنى تەستە قىمىرلىتىپ .

— سىز ھوشسىز ياتقىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى . سىزنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشىڭىزنى ئاللادىن تىلەپ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى . ھالىڭىزغا قاراپ يۈرەكلىرىم پارە - پارە بولۇپ كەتتى . بەختىمگە سىز ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز ، تەلىيىم بار ئې-كەن ، — بارات مىيىقىدا كۈلدى .

— مېنى دوختۇرخانىغا كىم ئېلىپ كەلدى ؟

— قولۇم - قوشنىلىرىڭىز ئېلىپ كەپتۇ . سىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭىزنى ئەتىسى ئۇقتۇق ، كىرسەم ئىڭراپ يېتىپتىكەنسىز ، — دېدى بارات ئۇھ تارتىپ .

— بالىلىرىمدىن خەۋىرىڭىز باردۇ ؟ — دېدى گۈلخان مىشىلداپ يىغلامسىراپ .

— ئۇلار سالامەت ، غەم قىلماڭ .

— ئەمدى ئائىلەم ۋەيران بولىدىغان بولدى . سەمەت دې-گەن قېرى توڭگۇزنى كۆرەر كۆزۈم يوق . لېكىنزە سىز ، — گۈلخاننىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى .

كونىلاردا « قېرى ئەرگە تېگىپ قالغان ياش ئايالار ھەر كۈنى بامدات نامىزىدا ، ئاللادىن ئۆز ئېرىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ » دېگەن گەپ بار . بۇ بەلكىم كونىلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق نىكاھ ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدىن چىقارغان خۇلاسىسىدۇر . ئەگەر گۈلخان مۇشۇ ياشقا كەلگەندە باراتتەك تېنىدە كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ياشلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەر بىلەن ئۇچراشمىغاندا سەمەتتاخۇن ئۇستامدىن تەگكەن شەپقەتكە شۈكرى - قانائەت قىلىپ ئۆتەرمىدى ؟ ھەي بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك قىيىن .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ، مەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن ، ھەرگىز غەم قىلماڭ ، ئەگەر ئاجرىشىپ كەتسىڭىز

ئەتىسىلا ... — ئۇ، شۇنداق دېسىمۇ كۆڭلىدە بۇ ئىش تىنچ بىر ياقلىق بولسىلا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتمىسام بولمىغۇدەك دېگەن-لەرنى ئويلىدى. ئىشىك تاراق قىلىپ ئېچىلدى. بارات هودۇقۇپ گېپىنىڭ داۋامىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. باراتنى كۆرۈپ سېسترا-نىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— سىز بۇ كېسەلنى ئارام ئالغىلى قويۇڭ!

— ئەپۇ قىلىڭ، — دەپ دۇدۇقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى بارات، ئۇ، سېسترانىڭ كىرىپ ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇل-دۇرۇپ قالغىنىغا خۇش ئىدى. سېسترا قىز ئوكۇلنى ئۇرۇپ بولۇپ:

— ياخشى ئارام ئېلىڭ، مەن سەل تۇرۇپ كىرىمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

بىردىنلا گۈلخانىنىڭ كۆز ئالدىدا سەمەت ئۇستىنىڭ سۇرلۇك چىرايى پەيدا بولدى. « شۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇرغان بولسام ئۇرماسمىدىكىن؟ راست، ئۇرماستى، بەلكىم كەچۈرەر ئىدى. ياق، ياق! هەرگىز كەچۈرمەيتتى، شۇ كۈنى كەچۈرگەن، بالىلىرىمنىڭ يۈزىنى دەپ كەچۈرگەن بولسىمۇ بۇ ئۆيدە مەڭگۈ ئاراملىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمايت-تى. ئەتە - ئۆگۈن هامىنى يەنە بۇ ئىش يۈرەكنى زېدە قىلاتتى، ئاھ، بولدىلا، كۆڭلى سوۋۇغان ئەر بىلەن ئۆي تۇتۇپ مەن نېمە راھەت كۆرەتتىم؟! ئۇ مېنىڭ كۆزى ئېچىلمىغان بوز كۆز سەھرا قىزى ئىكەنلىكىمدىن، يېتىملىكىمدىن پايدىلىنىپ يۇلغا يۆلەپ دادامنى ئالداپ مېنى ئېلىۋالغان. بۇ قېرىنىڭ قولىدا هامىنى بىر كۈنى تۇل قالاتتىم، تاياق يېسەممۇ هايات تۇرۇۋېتىمەن. ئۇنىڭدىن بالدۇرراق قۇتۇلغىنىم تۈزۈك. شۇ كۈنى مەن يالۋۇرماي ياخشى قىلغان. قولۇم - قوشنىلار 〈 بۇزۇق 〉 دېسە دېسۇن. خەقلەر مېنى بىر كۈن، ئىككى كۈن، كۆپ بولسا بىرەر يىل تىللار، ئۇ-

نىڭدىن كېيىن ئۆلتۈپ كېتىدۇ. بىز يەنە ياشاۋېرىمىز. خېتىمنى ئېلىپ بارات بىلەن توي قىلاي !...» گۈلخان ئاشۇ ئوي ۋە شېرىن خىياللار بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

* *   * *

چارۋا - مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئەسئەت قولىدىكى تاماكىنى ئىككى قېتىم شورىغاندىن كېيىن قالدۇقنى كۈلدانغا كۈچ بىلەن بېسىپ، ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، ئىستاكاننى شىرە ئۈستىگە «تاك» قىلىپ قويغاندىن كېيىن، قارشى تەرىپىدە يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرغان باراتقا قاراپ سۆزلەپلا كەتتى:

— كونىلاردا «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. مەن بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا مانا ئەمدى ئىشەندىم. مەن سىزنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. بۇ ئىش سىز بىلەنلا كەتسىغۇ مەيلى ئىدى. بىراق ئىدارە ئۈچۈنمۇ ئېغىر بېسىم بولۇۋاتىدۇ ئۇكا. مەن سىزنى ياۋاش، ئىستىلى ياخشى، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ، كەسپكە ماھىر، ئىستىقبالى بار دەپ ئارزۇلاپ، ماختاپ - ئۇچۇرۇپ يۈرسەم، ھەي، سىززە... ئۇكا، ھېلىمۇ ياخشى سەمەت ئۈستامنىڭ بۇ شەھەردە «ھە» دېسە «ھۇ» دېگۈدەك ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق ئىكەن. ئەگەر كۆكەمە تۇغقانلىرىدىن بىرنەچچىسى بولىدىغان بولسا كالتەك كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئىدارىمىزنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ چاغدا سىزمۇ كىرىدىغانغا تۆشۈك تاپالماي قالاتتىڭىز. سىزنى مىڭنى تىللىسامۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەگەر سەمەت ئۈستام خوتۇنىنى قويۇۋەتسە بىر ئائىلە بۇزۇلدى، ئىككى بالا يېتىم بولدى دېگەن گەپ. ئەمدى سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

ئىدارە باشلىقى ئەسئەت باراتقا تىكىلدى. بارات بىرھازا

جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ «مەن بىر ئەركەك بولغاندىكىن ئۆزۈم تېرىغان بالاغا ئۆزۈم ئىگە بولسام، ئۇنى ئەمرىمگە ئالساملا ئىش پۈتمەدىمۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە:

— ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، گۈلخانىنىڭمۇ نامى بۇلغاندى، مېنىڭمۇ شۇنداق. ئىككىمىزنىڭ يامان ئاتىقى پۈتۈن ناھىيە بازىرى — بۇ كىچىك شەھەرگە پۇر كەتتى. سەمەت ئۇستا گۈلخانىنى قويۇۋېتىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئايالغا باغلىنىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەگەر گۈلخان ئاجرىشىپ كەتسە مەن، مەن ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن، — دېدى.

— ھەي ئەخمەق بالا، ساڭا قىز تېپىلمايدىغاندەك گەپ قىلما! سەن تېخى توي قىلمىغان يىگىت. گۈلخان ياشتا سەندىن چوڭ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن گۈلخان كۆزۈڭگە قېرى كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا كۆڭلۈڭ سوۋۇپ ئۆيلۈك ئۆي بولمايدۇ، بۇ نېمىتىڭدىن يان. بىز سەمەت ئۇستا بىلەن گۈلخانغا نەسىھەت قىلايلى. ئىككىسى ئۆي تۇتۇپ قالسۇن، ئىككى بالىنى يېتىم قىلمىسۇن. گەپنىڭ مېغىزىنى قىلسام سەن ئەمدى گۈلخانىنىڭ كەينىگە كىرىۋالما، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئەسئەت غەزەپ بىلەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قول شىلتىپ، — مەن ساڭا باشلىقلىق ئورنىدا ئەمەس، ئاتاڭ ئورنىدا نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. قانداق، ئاڭلاۋاتامسەن؟

بارات يا «ياق»، يا «ماقۇل» دېمەي جىم تۇرۇۋالدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ يەنە بىرنەرسە دېگۈسى كەلدىيۇ، سۆزلەۋېرىشنى خوپ كۆرمىدى بولغاي، مىيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى. بارات ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتى.

* *                    * *

— بارات، جېنىم بارات. مەن سېنى دەپ ھەممىدىن مەھرۇم بولدۇم. سېنىڭ ئىشقىڭ، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مېنى ۋەيران قىلدى. ئىللىق ئائىلەم، قېرى بولسىمۇ ئېرىم ۋە ئىككى بالام بار ئىدى، غەمسىز تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. قاچان سېنى كۆردۈم، سەن بىلەن تونۇشتۇم، مېنىڭ تېپتىنچ كۆڭلۈمدە ئارامسىزلىق پەيدا بولدى. مانا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىشىلەر مېنى كۆرسە «بۇزۇق» دەپ تىللايدىغان، نەپرەتلىنىدىغان ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم. جېنىم بارات، سەن ماڭا يول كۆرسەت، ماڭا باشپاناھ بول. ئەمدى مېنىڭ سەندىن باشقا ئىگە بولغۇدەك ھېچ نەرسەم يوق! — دېدى گۈلخان باراتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ.

باراتنىڭ ياتىقى ئازادە، تېپتىنچ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشى ۋە پاراڭلىرىغا ھېچكىم توسالغۇ بولالمايتتى. مەشتە كۆمۈر چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. گۈلخاننىڭ بۇ ھەسرەتلىك يىغىسى بىلەن باراتنىڭ كۆزىگىمۇ لىغىلداپ ياش كەلدى.

— گۈلخان، بولدى، يىغلىما، نېمىگە ئۇنچىۋالا ئۆپكىدەيسەن؟ — دېدى بارات، — مەن سېنى تۇنجى قېتىم ياخشى كۆردۈم ۋە تۇنجى قېتىم سۆيدۈم. سېنى ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرىمەن، سەن مېنىڭ باغرىمنى تۇنجى قېتىم ئىللىتقان، ماڭا كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇتقان، لەززىتىنى تېتىتقان، مەن سەن بىلەن ئۆزۈمنى بىلگەن، بىر ئايالنىڭ سۆيۈشكە لايىق ئەر ئىكەنلىكىمنى بىلگەن. بىز توي قىلىمىز، مەن سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن، سېنى بەختلىك قىلىمەن. سەن نېمىگە غەم قىلىسەن؟ بىز باشقىلارغا ئوخشاش نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋېرىمىز. بىز ئىللىق ئائىلە، بەختلىك تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلايمىز. خېتىڭنى

بەرسە ھەشقاللا دەپ ئال. مەن سېنىڭ تىنچ تۇرمۇشۇڭنى داۋال-
غۇتقان ئادەم، ساڭا تىپتىنچ تۇرمۇش ئاتا قىلالايمەن، — دېدى
بارات گۈلخاننىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ گۈلخاننىڭ قەلبىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق
ھېسسىياتى چۇلغىدى. گۈلخان ئىلگىرىمۇ باراتنىڭ قۇچىقىدا يې-
تىپ مۇشۇنداق سۆزلەرنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ
قەلبىگە بۈگۈنكىدەك تەسىر قىلمىغان، ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ
قەلبىنى لەرزىگە سالالمىغان ئىدى. بۈگۈن باراتنىڭ سۆزلىرى
گۈلخاننىڭ يۈرەك - باغرىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ۋۇجۇدىنى
تۈگىمەس - پۈتمەس بەخت ئىلكىدە يايرىتىۋەتتى.

* *　　　* *

سەمەت ئۈستىنى بۇ يولدىن ھېچكىم توسالمايتتى، تو-
سۇپ قېلىشقا ئاساسمۇ تاپالمايتتى. ئىككى بالا سەمەت ئۈستىگە
قالدى. بازارلىق ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىغا مەردانە
قەدەم بىلەن كىرگەن گۈلخانغا ئاق رەڭلىك «ئاجرىشىش
گۇۋاھنامىسى» بەرگەن چاغدا گۈلخان بىردىنلا ئۆزىنى تۇتالماي
پاكىگىدە يىغلاپ تاشلىدى. گۈلخان ئۆزى ئاجرىشىشنى تەلەپ
قىلغان. ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىنى قولىغا ئېلىشتىن
ئاۋۋال «مۇمكىن بولسا ئاجراشماڭلار، يېنىۋېلىشقا بولىدىغان،
ئۆي تۇتۇشقا بولىدىغان كىچىككىنە ئىمكانىيەت بولسىلا ئاجراش-
مىغان ياخشى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىمىغان. ئەمدى نېمىگە
شۇنداق يىغلايدىغاندۇ؟!...

— سەمەت، سەمەت، جېنىم سەمەت مېنى ئەپۇ قىل، 10
نەچچە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن
بولسىمۇ مېنى بىر قېتىم، مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈۋەت. ئەمدى
مەن ساڭا مەڭگۈ ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن. ئىككى بالىمىزنى بىرگە

باقايلى، — گۈلخان قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچنىڭ زورلىشى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، سەمەت ئۇستىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىدى، — بالىمىزنى بىرگە باقايلى، بىر قېتىم ئازغانغا... ئازماس ئىنسان يوق.

خەلق ئىشلار ئىشخانىسىدىكىلەر گۈلخانىنىڭ بۇ ھالىغا يا ئېچىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەيلا شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەگەر گۈلخان ئاشۇ قارلىق كېچە، تاڭ سەھەر تاياق يې-يىشنىڭ ئالدىدا مۇشۇ ئەقىلنى تاپقان بولسا بەلكىم سەمەت ئۇستىنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

— بولدى، ئۇنداق قىلما، — دېدى سەمەت ئۇستا گۈل-خانغا ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ.

گۈلخانىنىڭ قەلبىدە خۇددى ئۆچكەن ئوت تۇيۇقسىز يانغاندەك غۇۋا بىر ئۇمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولۇپ، ئورنىدىن تۇ-رۇپ سەمەت ئۇستىغا باقتى. سەمەت ئۇستا قويۇن يانچۇقىغا قولىنى سالدى. شۇ تاپتا ئىشخانىدىكىلەر «بۇ ئادەم ‹ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى› نى ياندۇرۇپ بېرىپ خوتۇنىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىغان بولدى» دېگەن ئويغا كەلگەن ئىدى. ئەمما سەمەت ئۇستا قويۇن يانچۇقىدىن «ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى» ئەمەس، بىر بولاق پۇلنى ئالغاندىن كېيىن:

— ئۆزۈڭگە مەلۇم، سېنىڭ ئىشىڭ خەلقى - ئالەمگە پۇر كەتتى. ئەمدى مەن سېنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەلمەيمەن، ئېلىپ كېتىشكىمۇ ئورۇن قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ 10 نەچچە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، ئىككى بالىمىزنىڭ يۈزى، رەھمەتلىك قېينانام ۋە قېيناتامنىڭ روھى ئالدىدىكى كۆيئوغۇللۇق قەرزىم ۋە پەرزىم ئۈچۈن ساڭا مۇشۇ 5000 يۈەننى قالدۇرىمەن، — دەپلا پۇلنى گۈلخانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ چىقىپ كەتتى.

كېيىنكى پۇشايمان، يىغا ۋە يىلىنىش كار قىلمىدى. گۈلخانىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى يوققا چىقتى. ئۇ بازارلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىن چىقىپ بىر خالىي جايىنى تېپىپ «ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى» نى مىجىقلاپ ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلىدى. ئۆزىنىڭ قايسى كۈچ ۋە قايسى ئارزۇ - ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن سەمەت ئۇستىنىڭ ئالدىدا تىزلانغانلىقىنى بىلمەيتتى. «بىر كۈنلۈك ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ مىڭ كۈنلۈك ئوتى بار» دېگەن گەپ بار. بەلكىم ئاشۇ ئوت ئۇنى تىزلىنىشقا مەجبۇر قىلغاندۇ. مانا ئەمدى گۈلخان ئاشۇ تىزلانغىنىغا پۇشايمان قىلدى، خورلاندى. ئادەملەر شۇنداق، ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ئىلگىرى قىلغان نۇرغۇن خاتا ۋە بىھۇدە ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا نۇرغۇن نەرسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، مەھرۇم قالغان نەرسىنىڭ مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ياش تۆكىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ.

بۇ شەھەردە ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللار ئۈچ ئايغىچە قايتا ياتلىق بولمايدۇ. بۇنى «ھەددەت تۇتۇش» دەيدۇ. بۇ ئادەتنى ئۇلار بىلمەي قالدىمۇ ياكى بىلگەن بولسىمۇ ئەمەل قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا كۆنمەي قالدىمۇ، بارات بىلەن گۈلخان 15 كۈندىن كېيىنلا توي قىلدى. بۇ توي گۈلخانغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ۋە روھىي ئازادلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ياشلىقنىڭ زوق - شوخلىرى قايتا ئويغاندى. راست، ئۇ قىز ۋاقتىدىلا قېرى يىگىتكە تېگىپ ئېرىدىن كۆڭلى - كۆكسى، قەلبى سۆيۈنگۈدەك لەززەت ئالالمىغىنىغا ئەمدى ھەقىقىي ئىشەندى ۋە قول قويدى. بارات ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنى 10 ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، يۈز - كۆزلىرىدىن ياشلىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى.

ھاياتىدا تارتقان ھەممە خاپىلىقلىرى يېڭى توي، يېڭى ھايات ۋە يېڭى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى بىلەن بىر يولى ئېسىدىن چىقىپ كەتتى. ھەتتا ئوماق ئىككى بالىسىمۇ ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتتى. قىسقىسى، سەمەت ئۇستا بىلەن ئۆتكەن 10 نەچچە يىللىق ھايات ئۇنتۇلۇپ كەتتى، پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى يېپيېڭى بىر تاڭ كۈتۈۋالغان ئىدى.

1994 - يىل 4 - ئاي



# بورانلىق كېچە

كەچ كۈز بورىنى شىددەتلىك گۈركىرەيتتى، ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان قەدىمكى توغراقلار بوراننىڭ زەربىسىدە قاتتىق سىلكىنىپ قاراسلاپ سۇناتتى، ئىرغاڭلايتتى، تەۋرىنەتتى. شاخ - شۇمبىلار شالدىرلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. قۇرۇغان غازاڭلار قايمۇقۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى، توغراقلىق چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەنسىز ھۇۋۇلدايتتى. ئەتراپ ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەلى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ۋە شادلىق بەخش ئېتەتتى. ئۇ قورقمايتتى، ئەندىكمەيتتى، مۇشۇنداق بولۇشىنى، تاكى تاڭ ئاتقۇچە بوراننىڭ مۇشۇنداق توختىماي گۈلدۈرلەپ چىقىشىنى ئاللادىن تىلەيتتى.

ئۇ تۈنۈگۈن كەچ تاغدىن چۈشكەن چاغدا، مۇشۇ ئورمانىنى ئارىلاپ ناھايىتى تەستە چۈشكەن، ھەر قەدەمنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئالدى - كەينىگە ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ، «شىلدىر» قىلسىلا تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن قەدەملىرىنى ساناپ ماڭغان. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن يەنىلا ئېھتىيات بىلەن ماڭدى، ئەمما قەدەملىرىنى سانىماستىن گۈس - گۈس دەسسەپ مېڭىۋەردى. ھازىر ئۇنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىنى، چوڭ - چوڭ تىنىقلىرىنى بوراننىڭ گۈر - گۈرى بېسىپ

چۈشەتتى. ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئاخىر ئۆزىگە تونۇش يوغان قېرى توغراقنى تاپتى، دولىسىدىكى ئېغىر خورجۇننى يەرگە قويدى. ئۇ تۈنۈگۈن تاغدىن خۇپپىيانە چۈشكەن چاغدا مۇشۇ قېرى توغراق تۈۋىدە ئارام ئالغان، باشلىق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قانداق ئو-رۇنداش توغرىسىدا قورسىقىدا چوت سوققان ـ ئويلانغان، كۆڭلىگە ئەڭ ياخشى چارىلەرنى پۈككەن؛ ئوغلىنى، خوتۇنىنى ئويلىغان. مانا، ھازىر ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ ياناشىدا مۇشۇ قېرى توغراققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئۆينى، ئوغلىنى، ئايالىنى ئەسلەپ قالدى. ئالەم خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ، كۆكتە بىر تالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تەرلىرى قۇرۇدى، ھاردۇقىمۇ چىقتى، تېنىگە سوغۇقتىن تىترەك ئولاشتى، ئەمدى مېڭىش كېرەك. بۇ يەردە قانچە ئۇزاق ئولتۇرسا ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە پايدىسىز، بىردەم بولسىمۇ مېڭىپ، سەپداشلىرى يېنىغا بالدۇرراق يېتىپ بېرىش كېرەك. ئۇ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆككە بوي سوزۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى توغراققا تىكىلىپ قاراپ، توغراقتىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەنىدەك، توغراقنى قايتا ـ قايتا سىلىدى. مۇشۇنداق بوران-لىق كېچىدە بۇ توغراقنى تېپىپ كەلگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇ، توغراقنى سىلاۋاتقاندا ئۇۋۇلۇپ قولىغا چىققان دا-چەندەك بىر تال قاتمال قوۋزاقنى ئىختىيارسىز ئاغزىغا سېلىپ، نېمە ئۈچۈنكىن ئۆزىمۇ بىلمىگەن، سەزمىگەن ھالدا چايناپ ـ چايناپ پۈر كۈۋەتتى. يەنە توغراققا يۆلىنىپ كۆككە باقتى. ئۆتكەن ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى. بۇ قېرى توغراق ۋەلىگە تونۇش، ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا چوڭ بولغان، كىچىك ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ توغراقلىقتا پادا باققان. ئېگىز توغراقلارغا يا-مىشىپ چىقىپ قاغا، سېغىزخان تۇخۇملىرىنى ئېلىپ چۈشۈپ، يەرگە ئۇرۇپ چاققان، بەزىدە قارا قۇشقاچ باللىرىنى ئۆگىسىدىن

ئېلىپ چۈشۈپ، قەپەسگە سولاپ باققان. چاۋا تەرگەن. تاغنى بىلەن بىرگە كېلىپ تۈلكە ـ توشقانغا قاپقان قۇرغان، مۇشۇ قېرى توغراق تۈۋىدە هازىرقى ئايالى ئامىنەم بىلەن پادا باققىچە تونۇشقان، تېپىشقان. بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل ئىزهار قىلىشقان. ئۇلارنىڭ مۇهەببىتىگە، بىر ـ بىرىگە قىلىشقان ۋەدىلىرىگە مۇشۇ قېرى توغراق گۇۋاه، ناۋادا ۋەلى مۇشۇ ئورماندىن چىقىپ بىر سايىنى كېسىپ ئۆتسىلا ئۆيىگە بارىدۇ. ئاه، ئائىلە مېهرى، ئاه، سېغىنىش. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز سېغىنغان، ئەسلىگەن، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان ئايالىنى كۆرىدۇ، «دادا» دېيىشلىرى تاتلىق، تىلى چۈچۈك، مېهرى ئىسسىق، كۈلگۈنچەك ئوغلى ئەلىنى كۆرىدۇ، باغرىغا بېسىپ سۆيىدۇ، ئەركىلىتىدۇ. شۇ تاپتا ۋەلىنىڭ ئەس ـ يادى ئوغلى بىلەن خوتۇنىدا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سېغىنىش ئوتىدا لاۋۇلداپياندى، ئۇنىڭ پەي ـ ئۇستىخانلىرى بوشاپ، مادارىدىن كېتىپ، خورجۇن ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى. يىرىك ساقال باسقان ئېڭىكىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن يۆلەپ كۆزىنى يۇمدى ـ دە، كۆڭلىدىن: «هەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، سېنىڭ قىسمەتلىرىڭ نېمانداق غەلىتە ـ هە! ئاه، تونۇش توغراق، تونۇش تۇپراق، تونۇش ئورمان، مەن سېنى ئارىلاپ ئۆز ئۆيۈمنىڭ يېنىدىن خۇددى ئوغرىدەك ئۇن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كېتەمدىمەن، ئاه، خۇدا، ئۆزۈڭ بىرنېمە دېگىن ؟! مەن مۇنداق ئۆتۈپ كېتىشكە قانداق چىدايمەن، بۇگۈن كەتسەم، بۇگۈن بۇ يەردىن ئۇن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كەتسەم، يەنە قايسى چاغدا كېلىپ خوتۇن ـ بالامنى كۆرىمەن. نەچچە قېتىم شىددەتلىك جەڭلەردە بولدۇم، نۇرغۇن سەپداشلىرىم قۇربان بولدى. قەبرىلىرى تاغ ـ جەزىلەردە قالدى. مەن تېخى هايات، بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە، ئەتە ياكى ئۆگۈن بىر قېتىملىق جەڭدە بىر تال ئوق «پاڭ» قىلىپ تەگسە، ئىش تامام، ۋەسسالام، هەممىسى قىيامەتكە باقىي

قالدى ، دېگەن گەپ ... دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ قەلب دەرياسى داۋالغۇپ ، دولقۇنلاپ كەتتى .

بىر يىلى يۇرتتا كېزىك كېسەللىكى تارقىلىپ ، ۋەلىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتۈپ ، ئۇ تاغىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولدى . تاغىسى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ ، ياخشى كۆرگەن قىزى ئامىنەم بىلەن توينى قىلىپ قويدى . ئۇ دادىسىدىن قالغان تۆت مو يەر ۋە ئۆيگە ئىگە بولدى ، بىر ئۆي بېشىغا كىيىلدى ، يېرىگە ياخشى ئىشلەپ ، تۇرمۇشنى قەدىر ئەھۋال ئۆتكۈزدى ، ئۆتكەن يىلى يازدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ، يۇرتنىڭ ئۇستىدىكى قوغاش تېغىدىن چۈشكەن كەلكۈن سۈيىدە ئۇنىڭ ئىككى مو يېرى نابۇت بولدى . بۇنى ئاز دېگەندەك ، يۈز بېشى توختى تۈلكە كۆكەمىلىك قىلىپ ، تۆت مو يەرگە سۇ ھەققى ، باج - پاراق ئېلىپ ، ئۇنى قاق سەنەم قىلىپ قويدى . ئىككى مو يەر بىلەن خوتۇن - بالا ، ئۆزى ئۈچ جاننى قانداق باققۇلۇق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەلىنىڭ يېرى ئۈنۈمسىز يەر ئىدى . قىشچە كىشىلەر ئىشىكىدە يۈردى . گەدىنىنىڭ پاتىگىنى كۆپتۈرۈپ بىر كۈن ئىشلىسە ، ئىششەك قوناقىقا ئىشلەيتتى ، نېمە دېگەنبىلەن ئۇنىڭدا قارا كۈچ بولسىمۇ بار ئىكەن ، ئاش - نانسىز قالماي ، كۈنلەرنى سېرىقتال ئۆتكۈزۈپ قارا ئۈجمىگە ئاران ئۇلاشتى . ئۇ يۈز بېشى توختى تۈلكىگە نەپرەتلىنەتتى . كۆڭلىدە : « مېنىڭ يەرلىرىمنىڭ يېرىمىنى كەلكۈن نابۇت قىلغان تۇرسا ، سەن نېمىشقا ئالۋاڭنىڭ يېرىمىنى ئالمايسەن ؟ سەن ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلساڭ ، مەن ئەبگارلىشىپ كەتمەيتتىم ، خەپ توختاپتۇر ! » دەپ قاغاپ قوياتتى . بىر كۈنى ، ئۇ تۆۋەندىكى مەھەللىدىكى ھەسەن تامچى دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . سالام - سەھەتتىن كېيىن ھەسەن تامچى :

— ئاڭلىسام ، خېلى چىدامىلىق يىگىت بوپسەن ، باشقىلار

سېنى ماختاۋاتىدۇ. يىگىت دېگەن شۇنداق بولۇشى، ئۆزىنى خار قىلماي، قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يېيىشى لازىم. لېكىن بۇ زامانىدا قولدەك ئىشلىسەڭمۇ بەگدەك يېگىلى بولمايدۇ. ئۇكام، هازىر ماڭا بىر ياردەمچى كېرەك بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، سېنى كۆڭلۈمگە پۈككىلى خېلى كۈنلەر بولغان، مەن بىلەن بىرگە بولساڭ هۈنەر ئۆگىنىپ قالىسەن، قانداق؟ ماڭا شاگىرت بولساڭ مەن بىلەن بىرگە تاشقورغانغا چىقىسەن، تاجىك يۇرتىدا هۈنەر ئوبدان ئاقىدۇ، بولۇپمۇ تامچىلىق، قانداق ئۇكا!

هەسەن تامچى ۋەلىگە قارىدى، ۋەلى ماقۇل بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ، ئائىلە، خوتۇن - بالىسىنى يۇرتتا قالدۇرۇپ، هەسەن تامچى بىلەن تاشقورغانغا چىقتى. تاجىك يۇرتىدا ئىش ئوبدان ئاقتى. بىر ئايدىن كېيىنلا ۋەلى بىرنەچچە قويىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى، ئۇ خۇشال ئىدى.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، زۇلمەت باسقان تاشقورغان ئاسمىنىدا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. خەلق قوزغىلاڭچى قوشۇنى تاشقورغاننى ئازاد قىلدى.

غەلىبە قىلغان قوشۇن ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى مەقسىتىنى كەڭ جامائەتچىلىككە بىلدۈردى. خەلقنى قورallıq كۈرەشكە ئاتلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشقا چاقىردى. بىر كۈنى هەسەن تامچى ۋەلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئۇكا، تاشقورغاننى كۆرۈۋاتىسەن، هەممە كىشى قولىغا قورال ئالدى. زۇلۇمدىن جاق تويغانلار زالىملارنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. بىزمۇ قولىمىزغا قورال ئېلىپ زالىملارنى يوقىتامدۇق، يا تامچىلىق قىلىپ يۈرۈۋېرەمدۇق، سەنچە قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى. ۋەلى:

— سەن مېنىڭ ئۇستام، ئۆزۈڭ بىرنەرسە دېگىنە قېنى؟

— مەندىن سورىساڭ ئۇكا، — دېدى هەسەن تامچى، —

هازىر تاشقورغان ئازاد بولدى. غەلىبە قىلغان قوشۇن مۇشۇ يەردە كۆچ توپلاپ، قوشۇننى رەت سېلىپ، يېڭىسار، يەكەن، قەشقەر تەۋەسىگە ئاتلىنىدىكەن. دېمەك، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئازاد قىلغىلى ماڭىدىكەن. تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس. ئىلگىرى ئىلاجسىزلىقتىن «لەببەي» دېدۇق. «قەددىڭنى كۆتەر، مانا قورال!» دېگەندە ئالدى - كەينىمىزگە قارىساق بولماس. بىزمۇ قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئاشۇ يامۇل دېگەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئەركىمىز، بەختىمىز ئۈچۈن ھە - ھۇ، دېمەيمىزمۇ.

— مەيلى، — دېدى ۋەلى — سەن شۇ نىيەتكە كەلگەن بولساڭ مەن نېمە دەيتىم. مەنمۇ ساڭا ئەگىشەي. ئۇستا، شاگىرت ئىككىسى قوشۇنغا قاتنىشىپ قولىغا قورال ئالدى. بىر ئىزۋۇتقا تەقسىم قىلىندى. ئىككى كۈندىن كېيىن جەنۇبىي فرونت مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، قوماندانلىق شتابى تاشقورغاندا تۇرىدىغان بولدى. قوماندانلىق شتابىدا ئۈچ تۈەن تەسىس قىلىنىپ تۈەن نامىلىرى: ئويتاغ تۈەنى، نىشانى قەشقەرنى ئازاد قىلىش؛ يېڭىسار تۈەنى، نىشانى يېڭىسار تەۋەسىنى ئازاد قىلىش؛ يەكەن تۈەنى، نىشانى يەكەننى ئازاد قىلىش. شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ھەرقايسى تۈەن ھەرقايسى يۇرتلۇقلارنى ئاساس قىلغان ئىدى.

ۋەلى بىلەن ھەسەن تامچى يېڭىسار تۈەنىگە تەۋە بەندە ئىدى. يېڭىسار تۈەنى دەسلەپتە يېڭىسارنىڭ ئېگىز يەر تەۋەسىدە جەڭگە كىردى. غەلىبە ئارقا - ئارقىدىن ئۇلارغا مەنسۇپ بولدى، كېيىن ئۇلارنىڭ لېيەنى ۋەلىنىڭ يۇرتى قوغاشنىڭ ئۇستىدىكى قوغاش تېغىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. نېمە ئۈچۈنكىن، قوغاش كەنتىگە ھۇجۇم قىلىپ كەنتنى ئازاد قىلماي، تاغدا مۇداپىئەدە تۇردى. ۋەلى كېيىن بىلدىكى، قوغاش كەنتىدىكى دۈشمەن

كۈچلۈك ئىكەن. دۈشمەن تاغقا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ تاغنى ئالالمىدى. ئىككى تەرەپ مۇشۇنداق تىركىشىۋاتقىلى بىر ئايدىن ئاشتى. ۋەلى جەڭدىن كېيىنكى بىكار چاغلاردا قوغاش تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، تاغ باغرىدا يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇرتىغا — مەھەللىسىگە قارايتتى. خوتۇنىنى، دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان ئارزۇلۇق ئوغلى ئېلىنى ئەسلەيتتى. ھەركۈنى چۈشىدە ئوغلىنى كۆرەتتى. ئامال قانچە، ئۇ كۈنلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار دەسلەپتە بۇ تاغقا كەلگەندە باشلىق سوپاخۇن «پات يېقىندا ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، پۈتۈن يېڭىسار، قەشقەر تەۋەسى بىر كېچىدىلا ئىلكىمىزگە ئۆتىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن ئومۇمىي ھۇجۇم باشلانمىدى. ئۇلار دۈشمەن كەلسە جەڭ قىلىپ، بولمىسا ئىستىكامنى ساقلاپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋەردى. ئۈچ كۈن ئىلگىرى بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇلارنىڭ لىيەنى دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، جان تىكىپ ئېلىشىپ، قوغاش تېغىنى ئاران ساقلاپ قالالىدى. بىرنەچچە كىشى قۇربان بولدى، 10 نەچچە كىشى يارىلاندى.

قۇربان بولغانلارغۇ بىر يولى ئارام تاپتى، يارىدارلارغا دورا يوق، ھالى خاراب ئىدى، دورا لازىم بولدى. ۋەلى تۈنۈگۈن كېچە بۇيرۇق بىلەن تاغدىن خۇپىيانە چۈشۈپ، قوغاش كەنتىگە قوشنا ئاقتوغراق كەنتىدىكى تېۋىپ ئاباسخان قارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، لىيەنجاڭ سوپاخۇن بەرگەن مەخپىي بەلگىنى تېۋىپقا بەردى. تېۋىپ مەخپىي بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، تاغدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن قازناق ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ داستىخان سالدى ۋە «ئوغلۇم سەن تويغۇچە يەپ، قانغۇچە ئۇخلىۋال، ۋاقتى كەلگەندە سېنى ئويغىتىمەن» دېدى. خۇپتەندىن كېيىن تېۋىپ ئۇنى ئويغىتىپ، دورا قاچىلانغان خورجۇننى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— ئوغلۇم، كىرەكلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خورجۇندا، قايسى دورىنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا كۆرسەتمىسىنى بىرگە قاچىلاپ قويدۇم. تەلەيلىك ئىكەنسەن، بوران چىقىۋاتىدۇ، پەخەس بولغىن، ئەمىسە خۇداغا ئامانەت، — دەپ يولغا سېلىپ قويدى. ۋەلى ماڭا ـ ماڭا، شىددەتلىك بوراندا مىڭ بىر مۇشەققەتتە مۇشۇ قەدىناس قىرى توغراق تۈۋىگە يېتىپ كەلدى.

ۋەلى بېشىنى كۆتۈرۈپ، خورجۇننى دولىسىغا سېلىپ تاغقا قاراپ مېڭىش ئۈچۈن تەمشەلدىيۇ، يەنە كۆز ئالدىدا، ئۆتكەندە ھەسەن تامچى بىلەن تاشقورغانغا ئىشلەشكە ماڭغاندا، بوسۇغىدا ياش تۆكۈپ ئۇزىتىپ قالغان ئايالى ئامىنەم بىلەن ئوماق ئوغلى ئېلى پەيدا بولدى. ئاسماندا ئاي ياكى يۇلتۇز بولمىغىنى ئۈچۈن قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى، تاڭ ئېتىشقا يەنە قانچىلىك ۋاقىت بارلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. ۋەلى ئۆز قىياسىغا ئاساسەن يېرىم كېچە بولغانلىقىنى تەخمىن قىلدى ۋەئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۆيگە بارسامۇ يەنە قايتىپ كېلىپ مەنزىلگە ۋاقتىدا يېتەلەيمەن. مانا ۋەزىپە ئورۇندالدى. ئۆيگە بىر بېرىپ، ئېلىنى بىر سۆيۈۋېلىپلا قايتاي» دېدى.

ئۇ، خورجۇننى قېرى توغراق تۈۋىگە، شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىغا باستۇرۇپ قويۇپ، ئۆي تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئېغىرلاشتى، لېكىن بۇ ئارىسالدىلىق ئۇزاق داۋام قىلمىدى. قەلبىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان سېغىنىش ھېسسىياتى ھەممىدىن غالىب كەلدى.

** **

ۋەلى ئىلگىرى بىر يەرگە بېرىپ كېچىسى قايتىپ كەلگەندە ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چېكەتتى. بۇ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى

بىلىدىغان مەخپىيەتلىك ۋە يوشۇرۇن بەلگە ئىدى. بۇگۈن ئۇ ئاشۇ ئادىتى بويىچە ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چەكتى. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى، نېمە بولدىكىنە. بەلكى بوراندا قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندۇ، ياكى بوراننىڭ گۇر - گۇرى تاك - تاكنى بېسىپ چۈشكەندۇ. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، دوكىلدىتىپ قاتتىقراق چەكتى، سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن ئۇ ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ يۈرگەن زىل ۋە يېقىملىق نازۇك ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كىم؟

— ئامىنەم ئىشىكنى ئاچ! مەن كەلدىم. ئۆي ئىچىدىن چىراغ ياندى. ئارقىدىن ئىشىك ئېچىلدى. ۋەلى ئۆيگە كىرىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىنلا، ئامىنەمنى باغرىغا بېسىپ، بىرنەچچىنى سۆيگەندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

— يوشۇرۇنچە كەلگەن ئوخشىماملا؟

— قانداق دەيسەن؟

— مەن ھەممىنى بىلدىم، — دېدى ئامىنەم، — ھەسەنىكام ئىككىڭلارنىڭ تاشقورغاندا نۇسرەت تاپقان قوشۇن بىلەن بىللە قوغاش تېغىغا كەلگىنىڭلارنى بۇ يۇرتتا بىلمەيدىغىنى يوق.

— شۇنداقمۇ؟

— يېڭىساردىن كەلگەن چېرىكلەر يۇرتىمىزدا قاتراپ يۈرىدۇ. يۈز بېشى توختى ئۆتكەندە چېرىكلەرگە يول باشلاپ قوغاش تېغىغا بارغاندا سىلەردىن ئۈچ ئادەمنى تۇتۇۋاپتىكەن.

— شۇنداق، شۇنداق ئىش بولغان، — دېدى ۋەلى ئەندىكىپ.

— ئۇلارنىڭ بىرسى، — دېدى ئامىنەم، — قوغاش كەنتىدىن ھەسەن تامچى دېگەن بىلەن ۋەلى تاغدا بار، دەپ قو-

يۈپتۈ. بۇ گەپنى بىرى ماڭا دېگەن.

— بۇ يەردە چىرىك بارمۇ ؟

— بار !

— قەيەردە ؟

— توختى تۈلكىنىڭ هويلىسىدا.

ۋەلى جىددىيلەشتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى. بۇ جىددىيلىكنى يەنە هايات ۋە سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى پەسەيتتۈەتتى. ئارىدىن بىر چاي قاينىمى ۋاقىت شېرىن سۆھ-بەتلەر بىلەن ئۆتتى، ۋەلى بىرى بوينىدىن باغلاپ تارتىۋاتقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى بىرنەچچىنى سۆيۈپ قويۇپ دېدى:

— خوتۇن، مەن بىر ۋەزىپىگە چۈشكەن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سىلەرگە تارتىشىپ ئۆيگە كەلدىم، ئەمدى ماڭاي، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆگزە غىرىسلاپ كەتتى. ۋەلىنىڭ يۈرىكى ئاغدى، ئۇ جىممىدە تۇرۇپ قۇلاق سالدى. بورانىنىڭ ئاۋازىمۇ ياكى مېنىڭ قۇلىقىمغا شۇنداق ... ئۇ پەم بىلەن دەسسەپ بېرىپ ئىشىكنى قىيا ئاچتى. سىرتىقا بىر قاراش بىلەن يۈرىكى «قارت» قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل ۋەھىمىلىك تىترەك ئولاشتى. ئۇ تامدىن ئارتىلىپ هويلىغا چۈشۈۋاتقان قوراللىق بىرنەچچە ئادەمنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرگەن ئىدى. ۋەلىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ تاقىدى.

— نېمە بولدى ؟ — ئامىنەم ۋەلىگە يېقىن كېلىپ سورىدى.

— مېنى بىرى پايلاپ تۇرغان ئىكەن.

— ئاھ، خۇدا، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — ئامىنەم هەس-رەت بىلەن يىغلىۋەتتى.

— ئۈنۈڭنى ئۆچەر، — دېدى ۋەلى، تەلۋىلىكى

تۇتۇپ ، — هويلىدا ، ئۆگزىدە ئادەم بار ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ خوتۇن ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، مەن مورىنى تېشىپلا قاچاي ، بىردىنبىر ئامال شۇ ، شۇنچىلىك بولسىمۇ قىلىپ كۆرەي ، بەلكىم مورىنىڭ كەينىدە ئادەم يوقتۇ .

— مەيلى ، جانلىرى ئامان قالىدىغان ئىش بولسا ، مورىنى ئەتە ئۆزۈم چاپلىۋالىمەن ، — دېدى ئامىنەم يىغلامسىراپ .

— خوتۇن ، بۇ بالا - قازانى ئۆزۈمگە ئۆزۈم تاپتىم . تۇ-تۇلۇپ قالسام بالىغا ئوبدان قارىغىن ، يەنە ، يەنە سەن قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار خوتۇن . بۇ ئىشنى مېنىڭ ئورنۇمدا قىلىۋەت ، — ۋەلى خۇددى بىرى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك ، ئامىنەمنىڭ قۇلىقىغا ھېلىقى مۇھىم ئىشنى ئېيتتى . ئاندىن ماۋزۇ-رىنى ئوقلاپ ، كەينىگە بىر قەدەم يېنىپ بارلىق كۈچى بىلەن « گۇپ » قىلىپ مورىغا ئۆزىنى ئۇردى ، غەلىبىلىك بولمىدى ، ئۇ ئىككىنچى قېتىم كۈچ بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇش بىلەن تەڭ چالما - كېسەكلەرگە ئارىلىشىپ سىرتقا يۇمىلاپ چىقتى . ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ پۇتۇنلەي قورشاۋدا قال-غانلىقىنى بىلدى ، قوراللىق بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ «قىمىرلىما » دەپ ۋارقىراشتى . بىرىنچى ئوقنى ۋەلى ئاتتى ، ئۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە خېلى كۈچىنىپ تىرىشقان بولسىمۇ ، ئامال قىلالمىدى . ئېتىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى . ئۇ ئۆزى تېشىپ چىققان تۆشۈكتىن بىردەم ئۆي ئىچىگە كىرسە ، بىردەم سىرتقا چىقاتتى . ھايات بىلەن ماماتلىق ، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭ داۋام قىلاتتى . دۈشمەن ۋەلىنى تىرىك تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك ، ئۆگزىگە گىرانات تاشلىمىدى ، بولمىسا ۋەلى خوتۇن - بالىسى بىلەن ، ئۆرۈلگەن ئۆگزىدە ، يىقىلغان تامنىڭ ئاستىدا قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى ، ئۆي ئىچىنى تۇپا - تۇمان بىلەن ملتىق

دورىسىنىڭ قاڭسىق ھىدى قاپلاپ كەتتى . ئاللىبۇرۇن ئويغىنىپ كەتكەن ئىپلى دۇم يېتىپ يۆتىلىپ ، چۇشكۇرۇپ قىرقىراپ يىغلايتتى . ئامىنەم بىردەم ئىپلىنىڭ يىغىسىغا جۆر بولسا ، بىردەم ئۇنى بەزلەيتتى . ۋەلى شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ ، خوتۇنىنىڭ يىغىسى ۋە دۇشمەنىنىڭ قورشاۋ تەھدىتى ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالغان ئىدى . ئۇ پۈتۈن جاسارىتى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقالماي تاڭ ئېتىپ كەتتى . شۇ چاغ ۋەلىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كوماندىر سوپاخۇنىنىڭ : « ۋەلى ، ساڭا بۇ ۋەزىپىنى تاپىلاۋاتىمەن ، ئالدىنقى قېتىم دورىغا چۇشكەن كىشىگە يېرىم يولدا ئوق تېگىپ ئۆلدى . دېمەك ، ئۇ دورىنى ئېلىپ چىقالمىدى ، كۆزۈڭ كۆرۈۋاتىدۇ ، يارىدارلار ساڭا قاراشلىق ، پەخەس بول ، يۇرت ساڭا تونۇش ، يول ساڭا تونۇش ، شۇڭا بۇ ئىشقا سېنى بۇيرۇۋاتىمەن ، ئۇدۇل بېرىپ ، ئۇدۇل كەل » دېگەن سۆزى جاراڭلىغاندەك بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ ، نادانلارچە ئەخمقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ، ئاشۇ ئەخمەقلىق تۈپەيلى ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئەمدىلا تونۇپ يەتتى . ئۇ ئېچىنىش ۋە پۇشايمان ئىچىدە ماۋزۇرىغا قارىدى ، دىسكىدا يەنە تۆت تال ئوق بار ئىدى ، ماۋزۇرىنى چىڭكىسىگە تاقىدى ، ئۇ ھايات بىلەن خوشلاشماقچى ، ئۆز ئۆيىدە ، خوتۇن ـ بالىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز ئوقى بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى ... دەل شۇ چاغدا بىرىنىڭ ئىڭراق ، يىرگىنىشلىك ھەم تونۇش ئاۋازى بورانىنىڭ گۇر ـ گۇرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى .

— ۋەلى ، ئەل بولغىن ، ئەل بولغان ياخشىدۇر ، ئەرنىڭ ئەل بولمىقى ۋاجىپ ، « ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ » دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ . ئەل بولساڭلا جېنىڭ ئامان قالىدۇ ، ئەمدى قاچىمەن دېمە ، قاچالمايسەن ، — بۇ يۈز بېشى توختى

تۆلكىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

راست، ۋەلى ئەمدى قېچىپ كېتەلمەيتتى، بۇنى بىلەتتى، ئەل بولسىمۇ هايات قالمايتتى، بۇنىمۇ بىلەتتى. شۇئان ئۇنىڭ ئېسىگە، چاقماق تېزلىكىدە بىر پىكىر كەلدى، غەزەپتىن ـ پۇشايماندىن كىرىشكەن چىشلىرى، بىر ـ بىرسىدىن ئاجراپ پۇرۇلگەن يۈز — تۇرۇلگەن قاشلىرىدا تەبەسسۇم كۈلكىسى جىلۋە قىلدى. توختى تۆلكىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ۋەلى، يۈز بېشى ئاكاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوي، قورال تاپشۇرۇپ ئالدىمىزغا چىق، بولمىسا خوتۇن ـ بالاڭ بىلەن قوشۇپ ئۆيۈڭنى پارتلىتىپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىمىز!»

مورىنىڭ كەينىدە ئىككى تال گرانات پارتلاپ، ئۆينىڭ مورا تېمىنىڭ يېرىمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. تاڭ ئېتىپ كەتكەن ئىدى. يەنە بىر دەم تۇرسا، دۈشمەن گرانات تاشلاپ ئۆينى پۈتۈنلەي ئۆرۈۋېتىشى ياكى غالجىرلىشىپ ئوققا تۇتۇشى مۇمكىن ئىدى. مۇنداق بولسا ئۆزىغۇ مەيلى، خوتۇن ـ بالىسى هاياتىدىن ئايرىلسا...

ۋەلى سىرتقا كۆز تىكتى. ئۇ ئۆزىدىن 50 قەدەم نېرىدا بىر توپ قوغاشلىقلارنىڭ ئالدىدا، ۋەلىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان يۈز بېشى توختى تۆلكە ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى — هېيتەم بىلەن بەختەمنى كۆردى. سەل نېرىدا چوڭقۇر ئازگال ۋە دەرەخلەر كەينىدە مىلتىقلىق ئەسكەرلەر يېتىشاتتى. ۋەلى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ئۆرۈلگەن خىش ـ كېسەكلەرنى دەسسەپ سىرتقا چىقتى ـ دە، ماۋزۇرنى ئالدىغا قارىتىپ ئۈچ تال ئوق ئاتتى، پاڭ ـ پۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈز بېشى توختى تۆلكە ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى بەختەم بىلەن هېيتەم ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە يىقىلىپ جان بەردى. تەقدىرى قىسمەت شۇنداق بولغىيمىدى؟

ئەسلىدە، ۋەلى بىلەن ھەسەن تامچىنىڭ قوغاش تىغىدىكى مىللىي قوشۇن بىلەن بىر گە ئىككەنلىكىدىن خەۋەر تاپ-قان گومىنداڭ تەرەپ، ۋەلى بىلەن ھەسەن تامچىنىڭ ئۆيىنى كېچە - كۈندۈز كۆزىتىشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان، ئىككى ئۆيىنى كۆزىتىشكە يۈز بېشى توختى تۆلكىنىڭ ئىككى ئىنىسى مەسئۇل بولغان. توختى تۆلكە ھېيتەمنى ھەسەن تامچىنىڭ، بەختەمنى ۋەلىنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىشكە بۇيرۇغان. بۈگۈن كېچە بەختەم بىر غالچىسى بىلەن ۋەلىنىڭ ئۆيىنى بېقىپ ياتقاندا ۋەلى كەلگەن. ۋەلى ئۆيدە سىغىنىش ھېسسىياتىنى قاندۇرۇۋاتقاندا بەختەمنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن قوغاش كەنتىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ بىر ليەن ئەسكىرى ۋەلىنىڭ ئۆيىنى قورشاپ بولغان ئىدى. تەق-دىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋەلى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا خائىننىڭ جېنىنى ئۆز قولى بىلەن ئالدى. ۋەلى تۆتىنچى ئوقنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، يان تەرەپتىن ئاتىلداپ ئېتىلغان ئاپتومات ئوقىنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تەگپۇگلۇ-قىنى يوقاتقان ۋەلى خۇددى ھاۋادىن بىر نەرسىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى ئېگىز - پەس پۇلاڭلىتىپ، بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ « ئاھ، باشلىق مېنى ئەپۇ قىل ! » دەپلا قۇمساڭغۇ نەمخۇش تۇپراق ئۈستىگە قانغا مىلىنىپ يىقىلدى.

دۈشمەن باشلىقى كۆرەڭلىگەن پېتى كېلىپ، ئاۋۋال ۋەلىنىڭ قولىدىكى قورالنى ئالدى، ئارقىدىن يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ۋەلىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئاتنىڭ كەينىگە غانجۇغىلىغاندىن كېيىن، چېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

ئامىنەم ئىس تۈتەپ تۇرغان ئۆي ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ۋەلىنىڭ باشسىز جەسىتىنى قۇچاقلاپ ھەسرەت بىلەن بوزلاپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئاھۇ زارى، داد - پەريادى دەھشەتلىك

بورانىنىڭ گۈر - گۈرى بىلەن قوشۇلۇپ يىراق - يىراقلارغا، مۇقەددەس تاغلارنىڭ چوققىسى، مۇئەللەق بۇلۇتلارنىڭ قاتلىمىغا، مەڭگۈلۈك زېمىننىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

** **

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى تاڭ سەھەر، كېچىچە ياغقان قار بىلەن قوغاش تېغىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى ئاپئاق تۈسكە كىردى. تاغ باغرىنى بىر قەۋەت غۇۋا تۇمان قاپلاپ تۇراتتى، ھەسەن تامچى باشچىلىقىدىكى بىر توپ رازۋېدچىكلار تاغ باغرىدا بىقارار پەيدا بولغان بىر قارنى كۆرۈشتى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈستىگە ئېغىر خورجۇن ئارتىلغان سالپاڭ قۇلاق بىر قېرى ئېشەكنى ھەيدىگەن بىر ئايال پەيدا بولدى. ئېشەك ئۈستىدە كونا، تاشلانمىغان كۆرەك جۇۋىغا يۆگەلگەن، سوغۇقتىن شۇمشىيىپ كەتكەن تۆت - بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. ئايال ماڭدامدا بىر ھەدەپ تاغ ئۈستىگە قارايتتى. بۇ ئايال ۋەلىنىڭ ئايالى، بالا ۋەلىنىڭ ئامراق ئوغلى ئېلى ئىدى. ئۇلار ۋەلى قېرى توغراق تۈۋىگە يوشۇرۇپ قويغان دورا قاچىلانغان خورجۇننى قوغاش تېغىدىكى قوشۇنغا ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

1995 - يىل 6 - ئاي

本书选录作者两部中篇小说和四部短篇小说。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار**
جاۋابكار كوررېكتورى : **ئابدۇقەييۇم ئەبەيدۇللا**
تېخنىكىلىق تەھرىرى : **غولام ئەبەيدۇللا**

**قانلىق جىلغا**

( پوۋېست ـ ھېكايىلار )

ئاپتورى : **ئابلىمىت ئىمىن**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 6 قىستۇرما ۋارىقى : 1
1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4080 ـــــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0731 — 8/I. 203
باھاسى : 8.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0731-8

9 787537 307314 >

ISBN7 — 5373 — 0731 — 8

I. 203(民文) باھاسى : 8.50 يۈەن